# دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى

شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىز

# مۇندەرىجە

كىتاب ھەققىدە........................................3
دۆلەتلەرنى ئىككى قىسىمغا ئايرىشنىڭ ئاساسى..........................4
بۇ ئايرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەلىللەر...................................9
1 ـ الله تەئالانىڭ كىتابىدىن دەلىللەر:...................................9
2 ـ سۈننەتتىن دەلىللەر:...................................10
دارۇل ئىسلام ۋە دارۇل كۇفرى...................................12
دۆلەت ھەققىدە بېرىلگەن ھۆكۈمنىڭ ئىللىتى...............................14
بىرىنجىسى : كۈچ ۋە ئۈستۈنلۈكتۇر...................................14
ئىككىنچىسى : دۆلەتتە تەدبىق قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ تۈرىدۇر..............14
بىر دۆلەت ھەققىدىكى ھۆكۈم باغلىق بولغان ئىللەتنىڭ ، ئۇ دۆلەتتە ئۈستۈنلۈكنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولغان قانۇنلارنىڭ تۈرى ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر...................................15
دۆلەتنىڭ ھۆكمى توغرىسىدىكى ئىللەتنىڭ تازلىنىشى( تەنكىھ )...............17
دارۇل كۇفرىنىڭ تۈرلىرى...................................19
دۆلەتنىڭ باشتىن تارتىپ كۇفرى دۆلتى بولۇشى ياكى كېيىن كۇفرى دۆلتىگە ئايلىنىشى تەرەپتىن قىسىملىرى...................................20
دارۇل ئىسلام بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى تەرەپتىن دارۇل كۇفرىنىڭ قىسىملىرى...................................20
مۇسۇلمانىنىڭ جېنىنىڭ ئامان بولۇشى تەرەپتىن دارۇل كۇفرىنىڭ قىسىملىرى...................................21
دارۇل ئىسلامنىڭ تۈرلىرى...................................22
دۆلەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھۆكۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى...........................23
كافىرلارنىڭ دارۇل ئىسلامنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنىڭ ئاقىۋەلىرى...............24
بىراقلا ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان دۆلەت...........................26
دۆلەتلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن بارلىققا كەلگەن ھۆكۈملەر...................29
ئىمكان تېپىلغاندا دارۇل كۇفرىدىن دارۇل ئىسلامغا ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى...................................29
دۆلەتلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈملەرنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىدەك :...................................33

# كىتاب ھەققىدە

جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى اللەقا خاستۇر. دۇرۇد ۋە سالاملار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ، ئەھلى ـ بەيتىگە ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن .

ئوقۇرمەن قېرىندىشىم ! قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىزگە ئائىت بولغان ، ئىنتايىن كەڭرى بىر رەۋىشتە ئىلىم ، ئىلىم تەھسىلى ، ئىمان ۋە كۇفرى تېمىلىرىغا ئالاقىدار ھالدا تەييارلانغان « ئەل جامىئ فى تالەبى ئىلمىششەرىف » ناملىق كىتابىنىڭ پەقەت بىر بۆلۈمىدۇر.

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزى تۇرىۋاتقان دۆلەتنىڭ ھۆكمىنى بىلىشى ، شۇ ئاساستا اللە تەئالانىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ ھەققىي تەۋھىدى بىر ھاياتتا ياشىشى تەلەپ قىلىنغان. اللە تەئالانىڭ فەزل ـ مەرھەمىتى بىلەن ، ئىمان ۋە كۇفرى تېمىسىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا شۇنداقلا دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار تەقەززا قىلغان شەرئى ھۆكۈملەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىككىسى بولغان « ھىجرەت » ۋە « جىھاد » ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ـ ئۆزى قىسقا بولسىمۇ ـ اللە تەئالانىڭ ئىزنى بىلەن ئىنتايىن روشەن ۋە چۈشىنىشلىك بولغان بۇ كىتابچىنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

بۇ كىتابچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا « دەۋەت ۋە جىھاد تور بېكىتى » دىكى (*www.davetvecihad.com*) قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان تۈركچە نۇسخىسىدىن پايدىلاندۇق . تەرجىمە ۋە تەييارلاش جەريانىدا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزغا مېھرىبان رەببىمىزدىن مەغفىرەت تىلەيمىز . شۈبھىسىز ئۇ بەكمۇ مېھرىباندۇر ۋە بەكمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر .

اللە تەئالادىن بۇ خىزمىتىمىزنى بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ، خالىس ئۆز رازىلىقى يولىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمىز .

ـ تەرجىمە قىلغۇچىدىن

# دۆلەتلەرنى ئىككى قىسىمغا ئايرىشنىڭ ئاساسى

شۈبھىسىزكى ھەمدۇ ـ سانا اللەقا خاستۇر. ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغفىرەت تىلەيمىز. نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللەقا سېغىنىمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. اللەتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ، يىگانە بولۇپ شېرىكىنىڭ يوقلۇقىغا ، مۇھەممەد ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) نىڭ ئۇنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

«ئى مۆمىنلەر! الله غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار» (ئال ئىمران : 102)

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۇز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.» (نىسا : 1 )

«ئى مۆمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.» (ئەھزاب : 70 ـ 71 )

رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دەيدۇ : « ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ.» ( بۇخارى ۋە مۇسلىم )

دۆلەتلەرنى دارۇل ئىسلام ۋە دارۇل كۇفرى دەپ ئىككىگە ئايرىشنىڭ ئاساسىدا : نەبى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) نىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلىشى ، پەيغەمبەرلىكىنىڭ ماكان جەھەتتىن پۈتۈن زېمىن خەلقىنى ۋە زامان جەھەتتىن ئەۋەتىلگەن كۈنىدىن قىيامەت كۈنىگىچە بولغان پۈتۈن ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ياتىدۇ.

ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئومۇمى بولۇشى ۋە دەۋىتىنىڭ يېيىلىشى بىلەن تەڭ ئىنسانلار مۇئمىن ۋە كافىر بولۇش ئاساسىدا ئىككىگە ئايرىلدى. ئاندىن كېيىن الله تەئالا مۇئمىنلەرگە كافىرلار ئارىسىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىشنى پەرز قىلدى ۋە مەدىنىدە ئۇلار ئۈچۈن ياردەمچىلەرنى ( ئەنسارلارنى ) تەقدىر قىلدى. ئۇ يەر ھىجرەت يۇرتى ۋە مۇھاجىرلار جەمئىيىتى بولدى. رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) ئۇ يەردە ئىسلام دۆلىتىنى قۇردى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى مەككىنىڭ فەتخ قىلىنىشىغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ كافىرلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى داۋام قىلدى.

شۇنداق قىلىپ دۆلەتلەر، جەمئىيىتى مۇسۇلمان بولغان ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى ۋە باشقۇرۇشىدا بولغان ئىسلام دۆلىتى ( دارۇل ئىسلام ) ياكى جەمئىيىتى كافىر بولغان ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى ۋە باشقۇرۇشىدا بولغان كۇفرى دۆلىتى ( دارۇل كۇفرى ) بولۇش ئاساسىدا ئىككىگە ئايرىلغان. الله تەئالا مۇئمىنلەرگە قىيامەتكە قەدەر كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى پەرز قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتى بولسا دارۇل ھەرب دەپ ئاتالغان . بۇلارنىڭ دەلىللىرى تەرتىپ بويىچە مۇنداق :

***پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئومۇمى ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر :***

« پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.» ( فۇرقان : 1 )

« (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،‹ ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن...› »( ئەئراف : 158 )

« سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.» ( سەبە : 28 )

«...كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەپ مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، الله بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» ( ئالئىمران : 20 )

« كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.» ( ئالئىمران : 85 )

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ :

« ماڭا مەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرىگە بېرىلمىگەن بەش نەرسە بېرىلدى . ماڭا بىر ئايلىق مۇساپىدىن ( دۈشمەنگە) قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق ياردەم قىلىندى. ماڭا زېمىن پاك ۋە مەسجىد قىلىپ بېرىلدى، ئۈممىتىمدىن ھەر قانداق كىشى ناماز ۋاقتى كەلسە نامىزىنى ئوقۇسۇن. غەنىمەتلەر ماڭا ھالال قىلىندى. ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلەتتى؛ مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلدىم . ۋە ماڭا شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى.» ( بۇخارى ، جابىردىن رىۋايەت قىلغان. )

پەيغەمبەرلىكنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ، دىندا قەتئىي رەۋىشتە مەلۇم بولغان ئىشلاردىندۇر.

ئەلچى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ دەۋىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۆئمىن ۋە كافىر بولۇپ ئايرىلىشىغا كەلگەندە ، بۇ پۈتۈن ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن تەقدىر قىلىنىپ بولغان سۈننەتۇللاھتۇر. قىيامەتتىن سەللا ئىلگىرىكى شامال چىققانغا قەدەر مۆئمىن ۋە كافىر ئىككى گۇرۇھ چوقۇم مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ بولسا ئېمتىھان قانۇنىنىڭ ئەمىلىيلىششى ئۈچۈندۇر.

« بىز ھەققەتەن ھەربىر ئۈممەتكە:«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا،كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار»دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىقتا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ، (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار.» ( نەھل : 36 )

« شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەر بىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق...» ( فۇرقان : 31 )

« ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا)قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دەۋزەخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى.» ( ھۇد : 118 ـ 119 )

ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ : « مۇھەممەد ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى.» ( بۇخارى ، جابىردىن رىۋايەت قىلغان. )

قۇدسى بىر ھەدىستە بولسا مۇنداق كەلمەكتە :

« ساڭا ئىتائەت قىلغانلار بىلەن بىرلىكتە ساڭا ئىسيان قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇشقىن.» ( مۇسلىم، ئىياد بىن خىماردىن رىۋايەت قىلغان.)

ئىمتىھان قانۇنىنىڭ ئادا قىلىنالىشى ئۈچۈن مەخلۇقاتلار ئارىسىدا كافىر بولغانىنىڭمۇ مۇئمىن بولغانىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر.

«... ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)...» ( مۇھەممەد : 4 )

« بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ (سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» ( فۇرقان : 20 )

يەنە بىر قۇدسى ھەدىستە الله ئەززە ۋەجەللە نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دېگەن :

« شۈبھىسىزكى سېنى ، ھەم سېنى ئىمتىھان قىلىش ۋە ھەمدە سەن بىلەن باشقىلارنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم .» (مۇسلىم، ئىياد بىن خىماردىن رىۋايەت قىلغان.)

***مۇسۇلمان كىشىنىڭ كافىرلار ئارىسىدىن ھىجرەت قىلىشىنىڭ پەرز بولۇشىغا كەلگەندە ، بۇنىڭ دەلىللىرى بۇلاردىن ئىبارەت :***

« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىي بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار اللەنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» ( نىسا : 97 )

ھىجرەتنىڭ تەرك قىلىنىشىغا قارىتا ئايەتتە كەلگەن تەھدىد، ئۇنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى تەرك قىلىنىشىغا قارىتا ئازاپ تەھدىدى سېلىنغان ئىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما سەل تۇرۇپ كېلىدىغان ئايەتلەردە بايان قىلىنغىنىدەك بىرەر ئۆزرە سەۋەبىدىن بولۇشى بۇنىڭ سىرتىدا.

ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىغان ھەدىسلەردە كەلگەن ئازاپ تەھدىدىمۇ ھىجرەتنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى : « مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا بولغان ھەر مۇسۇلماندىن يىراقمەن، ئۇلارنىڭ ئوتلىرى بىر بىرىگە كۆرۈنمىسۇن.» ( ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى سەھىھ بىر ئىسناد بىلەن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلغان.)

«جەڭ قىلىنىدىغان دۈشمەن بولىدىكەن ھىجرەتمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.» ( ئەھمەد رىۋايەت قىلغان،ھەيسەمىمۇ :‹راۋىلىرى بۇخارىنىڭ راۋىلىرىدۇر.› دېگەن.)

***كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا پەرز ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر مەلۇملۇق ئىشلاردۇر. بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىدەك :***

«...مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار ، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار...» ( تەۋبە : 5 )

«...مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك ، سىلەرگە ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىڭلار...» ( تەۋبە : 36 )

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ :

« كىشىلەر لائىلاھە ئىللەللاھ دېگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

«قىيامەتكە يېقىن بىر زاماندا ، يالغۇز اللهقا ئىبادەت قىلىنىشى ئۈچۈن قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم.»(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.)

بۇ يەردە دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان بىر نۇقتا بار: رىسالەتنىڭ ئومۇمى بولۇشى، دۆلەتلەرنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىشىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىۋاتماقتا. ئەمما بۇ ، دۇنيادا ئىزچىل ھالدا ئىككى خىل دۆلەتنىڭ بار بولۇشىنى تەقەززا قىلمايدۇ. بىر دۆلەتنىڭ كۇفرى دۆلىتى دەپ باھالىنىشىنىڭ توغرا بولالىشى ئۈچۈن دۇنيادا ئىسلام دۆلىتىنىڭمۇ چوقۇم تېپىلىشى شەرت ئەمەس. ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدىغىنىدەك بۇ ، دۆلەتلەر توغرىسىدا بېرىلىدىغان ھۆكۈمنىڭ سەۋەبلىرى ئارىسىدا يوق. ئەكسىچە زېمىندا مۇئەييەن بىر مەزگىل ئىسلام دۆلىتى ( دارۇل ئىسلام ) مەۋجۇت بولماي پەقەت كۇفرى دۆلىتىلا ( دارۇل كۇفرى ) مەۋجۇت بولالايدۇ. خۇددى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرىكىگە ۋە يەنە بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش.

ھۇزەيفە ئىبنۇل يەماننىڭ فىتنىلەر ھەققىدىكى ھەدىسىمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ: «...ئەگەر ئۇ مەزگىلدە بولۇپ قالسام نىمە قىلىشىمنى بۇيرۇيسەن؟» رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى : « مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئىماملىرىدىن ئايرىلمىغىن .» « مۇسۇلمانلارنى جامائىتى ۋە ئىمامى بولمىسىچۇ؟» دېدىم. رەسۇلۇللاھ : « باشقا پىرقىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغىن، دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەپ ياشاشقا توغرا كەلسىمۇ،ئۆلگىچە ئايرىم ياشىغىن»دېدى. ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

بۇ بايان قىلغانلىرىمىز دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرىۋاتماقتا .

# بۇ ئايرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەلىللەر

زاماندىشلىرىمىزدىن بەزىلىرى ( ۋەھبە زۇھەيلىنىڭ « ئىسلامى فىقھتا ئۇرۇش تەتجىلىرى » ئىسىملىك كىتابىدا ئېيتقىنىدەك )، دۆلەتلەرنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشى توغرىسىدا كىتاب ۋە سۈننەتتىن بىرەر دەلىل يوق بولۇپ ، بۇنىڭ پەقەت پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەر دەۋرىدىن كېيىنكى فىقھالارنىڭ بىر ئىجتىھادى ئىكەنلىكى قارىشىدا بولغان .

بىلىنىشى كېرەككى ، بۇ ئايرىش ئۈممەتنىڭ ئالىملىرى ( ئىلگىرىكىلەر بولسۇن ياكى كېيىنكىلەر بولسۇن) ئىجماغا كەلگەن بىر تېمىدۇر. ۋە ئىجمانىڭمۇ ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئېيتقىنىدەك كىتاب ۋە سۈننەتتىن بىرەر دەلىلگە تايىنىشى زۆرۈر . ( مەجمۇئۇل فەتىۋا، 39/7 ) ئەمدى بۇ ئايرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرنى نەقىل قىلايلى:

### 1 ـ الله تەئالانىڭ كىتابىدىن دەلىللەر:

«كافىرلار پەيغەمبەرلىرىگە:‹سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك›دېدى...» ( ئىبراھىم : 13 )

«شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى:«ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز،ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»دېدى...» ( ئەئراف : 88 )

« يۇرتىمىزغا» مەنىسىدىكى « ئاردىنا» ۋە « قەريەتىنا» كەلىمىلىرىگە قوشۇمچە بولۇپ كەلگەن « نا » ئالمىشى ئىگە بولۇش مەنىسىنى بېرىدۇ. بۇ ئىككى كەلىمە ئارقىلىق كافىرلارنىڭ قولىدا بولۇپ ، بۇيرۇش، چەكلەش ۋە باشقۇرۇشتا ئۇلار ھۆكۈم ئىگىسى بولغان دۆلەت كۆزدە تۇتۇلغان.مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلچىلەرگە تەھدىد سېلىشقان . مانا بۇ كۇفرى دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار اللەنىڭ زېمىنى

كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» ( نىسا : 97 )

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە مۇئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۇئمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كافىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار...» ( مۇمتەھىنە : 10 )

«...ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ...» ( ئەنفال : 72 )

مەخسۇس ھىجرەتتىن سۆز ئاچقان مانا بۇ ئايەتلەر، دارۇل ئىسلام ۋە دارۇل كۇفرى بولۇپ ئىككى تۈرلۈك دۆلەتنىڭ بارلىقىغا ئوپئوچۇق دەلىلدۇر. چۈنكى شەرئى نەسلەردە ھىجرەت مۇتلەق مەنىدە ئىشلىتىلگەندە دارۇل كۇفرىدىن دارۇل ئىسلامغا كۆچۈشنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بۇ ھەقتىكى نەسلەردىن بىرى بولسا بۇ ئايەتتۇر:

«...سىلەرگە پاسىقلار (يەنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى) نىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن.» ( ئەئراف : 145 )

### *2 ـ سۈننەتتىن دەلىللەر:*

ھىجرەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ھەققىدىكى ھەدىسلەركى ، بۇلارمۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. يۇقىرىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى بۇلارنىڭ قاتارىدا سانىيالايمىز. ئۇشبۇ ھەدىسمۇ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر:

« ھەر بىر مۇسۇلمان باشقا مۇسۇلمان ئۈچۈن ھارامدۇر. بىر بىرىنى دەستەكلىشى كېرەك بولغان ئىككى قېرىنداشتۇر. الله تەئالا بىر مۇشرىك ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن مۇشرىكلارنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا كەلمىگىچە ئۇنىڭ ھېچبىر ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ...»( نەسەئى سەھىھ بىر ئىسناد بىلەن بەھز بىن ھۆكەيم ، دادىسى ۋە چوڭ دادىسىنىڭ يولى بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

ھىجرەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشىغا دالالەت قىلغان بۇ ھەدىسلەر بىلەن بىرلىكتە دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايرىشقا دالالەت قىلغان نەسلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىدەك :

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشمەنلەر زېمىنىغا سەپەر قىلغاندا قۇرئان ئېلىۋېلىشنى مەنئى قىلغان.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

ئىبنى ئاbbاستىن كەلگەن رەجم توغرىسىدىكى ئۇزۇن ھەدىسنىڭ ئىچىدە ، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ، ئۆمەر ئىبنۇل خەتتابقا مىنادا مۇنداق دېگەنلىكى ئۆتىدۇ : « مەدىنىگىچە ساقلا، چۈنكى ئۇ يەر ھىجرەت ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنىڭ دىيارىدۇر.» ( بۇخارى)

نەسەئى سەھىھ بىر ئىسناد بىلەن ئىبنى ئاbbاستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ) مۇھاجىرلاردىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار مۇشرىكلاردىن يىراقلاشتى.ئەنسارىلاردىنمۇ مۇھاجىرلار بار ئىدى. چۈنكى مەدىنە بىر چاغلاردا شىرىك دىيارى ئىدى ۋە ئۇلار ئەقەبە كېچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى.»

ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھىجرەت قىلىشىنى بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ : « نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە مۇنداق دېدىم:

*نېمىدېگەن ئۇزۇن ، نېمىدېگەن ھاردۇرغۇچى بىر كېچە ،*

*ئەمما مېنى كۇفرى دىيارىدىن قۇتقازدى.*

سەپەر ئەسناسىدا قۇلۇم قېچىپ كەتكەن ئىدى. نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ بەيئەت قىلدىم. تېخى يېنىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ قۇلۇم چىقىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى : « ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ سېنىڭ قۇلۇڭمۇ؟» مەن : « ئۇ الله رازىلىقى ئۈچۈن ھۆر» دېدىم ۋە ئازاد قىلدىم.» ( بۇخارى)

يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ۋە شارىپا ئوغرىلاش بىلەن ئەيىبلەنگەن مۇھاجىرە جارىيەنىڭ قىسسىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە بار. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىشىچە ، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىرىدە زەنگى بىر جارىيە بار ئىدى؛ ئۇنى ئازاد قىلىشتى. ئۇ ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ مۇنداق بايان قىلدى:« ئۇچىسىدا تېرىدىن قىزىل شارپىسى بار بىر ياش قىز چىقىپ كەلدى. شارپىسىنى بىر يەرگە قويدى ياكى ئۇنى تاشلىدى . بىر قۇش ئۇنى گۆش دەپ قېلىپ ئېلىپ قاچتى. ئۇلار شارپىنى ئىزدىدى ئەمما تاپالمىدى، مېنى ئوغرىلىق بىلەن ئەيىبلەشتى.» ( ئائىشە ) مۇنداق دەيدۇ : « ئاختۇرۇشقا باشلىدى.ھەتتا جارىيەنىڭ ئەۋرەت يېرىگىمۇ قاراشتى . ( جارىيە) دېدىكى : ‹ اللەقا قەسەمكى تېخى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىدىم، قۇش كەلدى ، ئۇنى تاشلىدى، شارپا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشتى.» ئېيتتىمكى :« مانا سىلەر مېنى

ئەيىبلىگەن نەرسە، مەن ئۇنىڭدىن يىراقمەن.» ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۇسۇلمان بولدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:« ئۇنىڭ مەسجىتتە بىر چېدىرى بار ئىدى. يېنىمغا كېلەتتى ۋە مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. يېنىمغا ھەر كېلىشىدە مۇنداق دەيتتى :

شارپىا كۈنى اللەنىڭ كۆنلىرىدىندۇر.

ئۇ مېنى كۇفرى دۆلىتىدىن قۇتقازغان ئىدى .

ئائىشە، ‹ ھەر قېتىم يېنىمغا كەلگىنىڭدە نېمىشقا بۇنى دەيسەن؟» دېگىنىمدە بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى.› دەيدۇ.» (بۇخارى)

بۇ نەسلەر دۇنيا دۆلەتلەرنىڭ دارۇل ئىسلام ۋە دارۇل كۇفرى بولۇپ ئىككىگە ئايرىلىشىنىڭ كىتاب، سۈننەت ۋە ساھابىلەردىن كەلگەن نەقىللەر بىلەن سابىت ئىكەنلىكىگە ۋە دارۇل كۇفرىدىن دارۇل ئىسلامغا ھىجرەت قىلىشىنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىلدۇر. ھەتتا بۇ دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا كىتاب ۋە سۈننەتتە ( يۇقىرىدا ئۆتكەن نەسلەردە) تۈرلۈك لەفزىلەر ئارقىلىق مەخسۇس ئاتالغۇلار قوللىنىلغان. مەسىلەن: « دارۇل فاسىقىن» ( فاسىقلار دۆلىتى)، « ئاردۇل ئاداۋۋ» ( دۈشمەن زېمىنى ) ، « دارۇل ھىجرە ۋە سۈننە» ( ھىجرەت ۋە سۈننەت دىيارى)، « داروۇش شىرىك» ( شېرىك دۆلىتى)، « دارۇل كۇفرى» ( كۇفرى دۆلىتى )گە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىنىڭ فەقىھلار ئوتتۇرغا قويغان ئىجتىھادتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغانلارغا جاۋاب بولىدۇ.

## دارۇل ئىسلام ۋە دارۇل كۇفرى

يۇقىرىدىكى ئىككى تېمىدا بېرىلگەن دەلىللەردىن ئاشكارا بولۇۋاتىدۇكى؛ دارۇل ئىسلام ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇيرۇش ۋە ئىتائەت قىلدۇرۇش كۈچى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدىكى دۆلەت؛ دارۇل كۇفرى بولسا، كافىرلارنىڭ بۇيرۇش ۋە ئىتائەت قىلدۇرۇش كۈچى ۋە باشقۇرۇشى ئاستىدىكى دۆلەتتۇر.

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى مۇنداق قاراشتا : دارۇل ئىسلام: مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرى كۈچكە ئىگە بولغان دۆلەتتۇر. ئەگەر ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى كۈچكە ئىگە بولمىسا ، بىر دۆلەت دارۇل ئىسلامغا تۇتىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ دارۇل ئىسلام سانالمايدۇ.

تائىق، مەككىگە ئىنتايىن يېقىن بولغان بولسىمۇ مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى بىلەن دارۇل ئىسلام بولمىغان.» ( ئەھكامۇ ئەھلى زىممە ، 366/1 )

ئىمام ئەسساراھسى ئەل ھەنەفى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: « ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھقا كۆرە دۆلەتلەرنىڭ دارۇل ھەرب بولۇشى ئۈچ شەرتكە باغلىق: بىرىنچىسى : بۇ دۆلەتنىڭ ، كۇفرى دۆلىتى بىلەن تۇتاشقان بولۇشى، دارۇل ھەرب بىلەن ئارىسىدا مۇسۇلمانلار دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى. ئىككىنچىسى : ئىچىدە نە ئىمانى سەۋەبلىك خاتىرجەملىك ئىچىدە بولغان بىرەر مۇسۇلمان، نە بىخەتەرلىكى سەۋەبلىك خاتىرجەملىك ئىچىدە بولغان بىرەر زىممىنىڭ قالماسلىقى. ئۈچىنچىسى؛ شىرىك ھۆكۈملەرنىڭ ئۈستۈن ۋەزىيەتتە تۇرغان بولۇشى.

ئەبۇ يۇسۇفتىن ۋە مۇھەممەدتىن ( رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:« بىر دۆلەتتە شىرىك قانۇنلىرى ئۈستۈن بولغان ۋەزىيەتتە بولسا ، ئۇ يەر دارۇل ھەرب بولىدۇ. چۈنكى بىر رايۇننىڭ بىزگە ياكى ئۇلارغا نىسبەت بېرىلىشى ، قۇۋۋەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. شىرىك قانۇنلىرى كۈچكە ئىگە بولغان ھەر يەردە قۇۋۋەتمۇ مۇشرىكلەرگە ئائىتتۇر ۋە ئۇ يەردە دارۇل ھەرب بولغان بولىدۇ. ئىسلام قانۇنلىرى كۈچكە ئىگە بولغان ھەر يەردە بولسا قۇۋۋەت مۇسۇلمانلارغا ئائىتتۇر.» ( ئەسسەراھسى ، ئەلمەبسۇت، 114/10 ) شۇڭلاشقا، ئىمامەينگە كۆرە بۇ يەردە ئىللەت سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە، ئۈستۈنلۈكنىڭ ۋە كۈچكە ئىگە بولغان قانۇنلارنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىدۇر.

ئالىملار ئەبۇ ھەنىفە ساناپ ئۆتكەن بۇ شەرتلەرگە ئېتىبار بەرمىگەن. ھەتتا شاگىرتلىرى بولغان ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد ، سەراھسىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇنىڭغا مۇخالىپەت قىلغان. ئالائۇددىن ئەل قاسانىمۇ بۇ ھەقتە سۆز قىلغان ۋە ئىككى ئالىمنىڭ سۆزلىرىگە قارىتا مۇنداق بىر ئوچۇقلىما كەلتۈرگەن: « بىر دۆلەت يا ئىسلامغا يا كۇفرىغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئىسلامغا نىسبەت بېرىلىشى، ئۇ يەردە ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ تەدبىقلىنىشى، كۇفرىغا نىسبەت بېرىلىشى بولسا ئۇ يەردە كۇفرى قانۇنلىرىنىڭ تەدبىقلىنىشى سەۋەبلىك بولىدۇ. مەسىلەن جەننەتتە ئامانلىق ، جەھەننەمدە ئازاپ بارلىقى ئۈچۈن جەننەت دارۇسسالام ( تىنچ ـ ئامانلىق يۇرتى)، جەھەننەم بولسا دارۇلبەۋار ( ھالاكەت يۇرتى) دېيىلگەن. چۈنكى ئىسلامنىڭ ياكى كۇفرىنىڭ ئۈستۈن ھالەتتە بولۇشى، ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ ياكى كۇفرى قانۇنلىرىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى بىلەن بولىدۇ.» ( ئەل قاسانى،بەدائىئۇس سەنائى، 4375/9)

ئەسسەراھسى ، ئەسسىيەرۇل كەبىر ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: « دۆلەت ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ تەدبىق قىلىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى بولىدۇ.» ( ئەسسىيەرۇل كەبىر،5 /2197)

قازى ئەبۇ يەئلا ئەل ھەنبەلى بولسا مۇنداق دەيدۇ: « ئىسلام قانۇنلىرى ئەمەس ، كۇفرى قانۇنلىرى يۈرگۈزۈلىۋاتقان ھەر قانداق دۆلەت دارۇل كۇفرىدۇر.» ( ئەل مۇئتەمەس فىلئۇسۇلىددىن، 276)

شەيخ مەنسۇر ئەل بەخۇەتى مۇنداق دەيدۇ : « دارۇل ھەربتە دىنىنى ئاشكارا ياشاشتىن ئاجىز بولغان كىشىگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ. دارۇل ھەرب بولسا كۇفرى قانۇنلىرى يۈرگۈزۈلىۋاتقان دۆلەتتۇر.» ( كەششافۇل كىناﺋ، 43/3)

## دۆلەت ھەققىدە ھۆكۈم بېرىلگەن ھۆكۈمنىڭ ئىللىتى

ئىللەت، ھۆكۈم باغلىق بولغان ماھىيەتتۇر. ماھىيەت مەۋجۇت بولغىنىدا ھۆكۈممۇ مەۋجۇت بولىدۇ، مەۋجۇت بولمىغىنىدا ھۆكۈممۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئالىملارنىڭ يۇقىردا ئۆتكەن سۆزلىرىدە بىر دۆلەت ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈم ئۈچۈن ئىككى سەۋەپتىن سۆز قىلىنىۋاتماقتا.

***بىرىنچىسى: كۈچ ۋە ئۈستۈنلۈك.***

ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد ئىبنۇل ھەسەنىنىڭ « چۈنكى بىر رايوننىڭ بىزگە ياكى ئۇلارغا نىسبەت بېرىلىشى قۇۋۋەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقانداق بىر كافىرنىڭ بىر دۆلەتنى ئىشغال قىلىشى ئەمما ئۇ يەردە ئىسلام ھۆكۈملىرى يۈرگۈزۈلىۋاتقان ھالەتتە قېلىپ قالغان ئەھۋالدا بۇ يەرنىڭ دارۇل ئىسلام بولىدىغانلىقى مەسىلىسى، كافىرلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋەزىيەتنى تىما قىلغان بۆلۈمدە سۆزلىنىدۇ ئىنشائاللاھ.

***ئىككىنچىسى : دۆلەتتە تەدبىق قىلىنىۋاتقان ھۆكۈملەرنىڭ تۈرى.***

بۇ بولسا بىز ئۇلاردىن نەقىل كەلتۈرگەن باشقا ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدە ئۆتكەن .

دىققەت قىلىنسا، بۇ ھەر ئىككى سەۋەپ يەككە بىر نەرسىگە قايتىدۇكى بۇ بولسا دۆلەت ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈمنىڭ ئىللىتىدۇر. بۇ ئىككى سەۋەپ ئارىسىدا ھەر قانداق بىر زىتلىق يوق. چۈنكى ئۈستۈنلۈكنىڭ تېپىلىشى ۋە ھۆكۈملەرنىڭ تەدبىق قىلىنىشى بىر بىرى بىلەن باغلىنىشلىق. بىراۋ پەقەت بۇيرۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولسا ئۈستۈن سانىلىدۇ. بۇيرۇش ۋە چەكلەش ، ئۈستۈنلۈكنىڭ ھەم بۇيرۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇرۇش كۈچىنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن ئىككىسىدۇر. مۇسۇلمان بىر ھۆكۈمران ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلىدۇ، ئەكسى تەقدىردە ئومۇمەن مۇسۇلمان سانالمايدۇ. كافىر بىر ھۆكۈمران بولسا كۇفرى قانۇنلىرىنى تەدبىق قىلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بىر دۆلەت ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈمنىڭ ئىللىتى،

ئۇ يەردە تەدبىق قىلىنغان قانۇنلارنىڭ تۇرىدۇر ۋە بۇ ، ئۇ دۆلەتتە ئۇستۇنلۇكنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن نەرسىدۇر.

كۆرۈلگىنىدەك ھۆكۈم باغلىق بولغان سەۋەپنى شەكىللەندۈرگەن نەرسىنىڭ، دۆلەتتە تەدبىقلانغان ھۆكۈملەرنىڭ تۈرى ئىكەنلىكى ، ئىللەت سۈپىتىدە كۆرسىتىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان بىر خارەكتېردۇر. چۈنكى دۆلەتنى شەكىللەندۈرگىنى ، ھۆكۈمران بولماستىن قانۇنلاردۇر. ئىسلام ھۆكۈملىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىسلامى قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ. ئوخشاشلا كۇفرى ھۆكۈملىرىمۇ بۇيرۇغان، مۇباھ قىلغان ۋە چەكلىگەن ئىشلارنىڭ يولى ئارقىلىق دۆلەتنى كۇفرى بىلەن شەكىللەندۈرىدۇ؛ رىددەتنى، دىنسىزلىقنى، دىنغا ھاقارەت قىلىشنى، دىننى سۆكۈشنى ھەر قانداق بىر سىقىش ۋە جازا قوللانماستىن مۇباھ قىلىدۇ.

ئوخشاشلا ئۆسۈم ، زىنا، ھاراق، تەبەررۇج ( ئايالالار يالىڭاچلىقى)، ئەر ئايالنىڭ بىر يەردە تۇرۇشى، ناماز ، روزا ۋە زاكاتنى تەرك قىلغان كىشىنى جازالىماسلىق، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقان كىشىنى ( بولۇپمۇ بۇنى قولى بىلەن قىلسا ) جازالاش ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئومۇمىيلاشقان بولۇشى ، كۇفرى دۆلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىندۇر.

دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەن ھۆكۈمران بولماستىن بەلكى قانۇنلاردۇر. يەنى ھۆكۈمران بىر ئىش قىلماقچى بولغىنىدا بۇنى پەقەت بۇيرۇش ۋە چەكلەش يولى بىلەن قىلىشى مۇمكىن. ئەمىر قىلغۇچى، چەكلىگۈچى ياكى ئەركىن قويۇۋەتكۈچى قانۇنلاردۇر؛ ھۆكۈمران بولسا ئۆز كۈچى ئارقىلىق بۇ قانۇنلارنى تەدبىقلايدۇ.

## بىر دۆلەت ھەققىدىكى ھۆكۈم باغلىق بولغان ئىللەتنىڭ ، ئۇ دۆلەتتە ئۇستۇنلۇكنىڭ كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولغان قانۇنلارنىڭ تۈرى ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر

• « ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىننى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار اللەنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» ( نىسا : 97)

ھىجرەت قىلىشى خىتاب قىلىنغان مۇسۇلمانىنىڭ مۇئەييەن بىر دۆلەتتە مۇستازئاف ( ئاجىز قالدۇرۇلغان) بولۇشى ، ئۇ يەردە ئۈستۈنلۈكنىڭ كافىرلارغا ئائىت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كېلىدۇ :

« شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى:‹ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز،ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك›دېدى.» ( ئەئراف : 88)

ئايەتتە كەلگەن « شەھىرىمىز» مەنىسىدىكى « قەريەتۇنا» كەلىمىسىنىڭ ئاخىرىدىكى «نا» قوشۇمچىسى نىسبەت بېرىلىش ۋە ئىگە بولۇش مەنىلىرىنى بېرىدۇ. يەنى بۇ ؛ بۇ دۆلەت كافىرلارنىڭ ۋە تەكەببۇرلارنىڭ دۆلىتى دېگەنلىكتۇر. ئۇلارنىڭ بۇ دۆلەتكە ئىگە ۋە ئۇ يەردە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن نەرسە مۇئمىنلەرنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن تەھدىد سېلىشىكى، بۇ بۇيرۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقىنىڭ ئۇلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.بۇ يەنە شۇنى كۆرسىتىدۇكى دارۇل كۇفرى بولسا ئۇ يەردىكى ئۈستۈنلۈك ، بۇيرۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقى كافىرلارغا ئائىت بولغان دۆلەتتۇر.بۇيرۇش ۋە چەكلەش دېيىلگەندە، قانۇنلار ئەسكە كېلىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۈستۈنلۈكنىڭ ۋە بۇيرۇش ھەم چەكلەش ھوقۇقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بۇنىڭغا ئوخشىغان يەنە بىر ئايەت بولسا :

« كافىرلار پەيغەمبەرلىرىگە:‹سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك› دېدى.» ( ئىبراھىم : 13 )

● رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشىدىن كېيىن ئېيتقان بۇ سۆزىمۇ ئۇشبۇ دەلىللەردىندۇر : « فەتىھتىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوقتۇر.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ ئىدى. چۈنكى فەتىھ قىلىنغانغا قەدەر مەككە دارۇل كۇفرى ئىدى. فەتىھتىن كېيىن دارۇل ئىسلام بولدى ۋە ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىشنىڭ پەرزىيىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. فەتىھ قىلىش بىلەن تەڭ ئۆزگەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ مەككىدە تەدبىقلانغان ھۆكۈملەرنىمۇ ئۆزگەرتكەن نەرسە ، ئۇ يەردىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ كافىرلارنىڭ قولىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگۈرۈش ۋەقەسىدۇر.بۇ بولسا بىر دۆلەت توغرىسىدا بېرىلىدىغان ھۆكۈم باغلىق بولغان ئىللەتنىڭ ، ئۇ دۆلەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان سىنىپ ۋە بۇ سىنىپقا ئەگەشكەن ھۆكۈملەر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئىبنى ھەزمنىڭ بۇ سۆزى تېمىنى ئوچۇقلاپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە: « بىر دۆلەت ، ئۇ يەردە ئۈستۈن بولغۇچىغا ، ھۆكۈم ساھىبى بولغۇچىغا ۋە ئۇ يەرگە ئىگە بولغۇچىغا نىسبەت بېرىلىدۇ.» ( ئەل مۇھاللا ، 200/11)

## دۆلەتنىڭ ھۆكمى توغرىسىدىكى ئىللەتنىڭ تازىلىنىشى( تەنكىھ )

شەيخ مۇھەممەد ئەمىن ئەششەنقىتى مۇنداق دەيدۇ: « تەنكىھ ، لوغەتتە پاكىزلىماق ۋە خالى قىلماق مەنىسىدە كېلىدۇ. ئىللەتنىڭ پاكىزلىنىشى بولسا ، ئىللەت ئۈچۈن ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەرنىڭ قالدۇرۇلىشى ۋە ئۇيغۇن بولغان نەرسىلەرگە ئېتىبار قىلىنىشىدۇر.» ( مۇزەككىراتۇ ئۇسۇلى فىقھ ، 292)

بۇ خۇسۇستا بەزىلەر خاتا قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بەزى دۆلەتلەردە ئەمىنلىك ئىچىدە ياشىشىنى ، ئەزان ، ناماز، روزا ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان دىنىنىڭ بەلگىسى بولغان بىر قاتار ئىشلارنى ئاشكارا ئىلىپ بېرىشقا كۆچ يەتكۈزەلىشىنى مەزكۇر دۆلەتنىڭ دارۇل ئىسلام سانىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ گۇمان قىلىشقان. ھەتتا بەزىلىرى مۇنداق دېگەن: « پايتەختىدە مىڭدىن ئارتۇق مەسجىد بولغان ئەھۋالدا قانداقسىگە پالانى دۆلەتنىڭ دارۇل كۇفرى ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمىز؟»

بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئېتىبار قىلغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا بىر دۆلەت ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈم ئىللىتىنىڭ ، ئۇ يەردە ئۈستۈنلۈكنى ئېلىكىدە تۇتۇپ تۇرغان سىنىپ ۋە يۈرگۈزۈلىۋاتقان قانۇنلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇق. بىر دۆلەت توغرىسىدا ھۆكۈم بېرىلگەندە بۇلاردىن باشقا خارەكتېرلەر دىققەتكە ئېلىنمايدۇ.

ئىللەت ئۈچۈن ئۇيغۇن بولمىغان خارەكتېرلەردىن بەزىلىرىنى مۇنداق تەرتىپكە تىزىشىمىز مۇمكىن :

*بىرىنچىسى : دۆلەتنىڭ كۆپچىلىك نوپۇسىنىڭ دىنى ، دۆلەتنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا ھېچقانداق تەسىرگە ئىگە ئەمەس. بۇنىڭ دەلىلى مۇنداق :*

خەيبەر نوپۇسىنىڭ كۆپچىلىكى يەھۇدى ئىدى. ھىجرى 7 ـ يىلى نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەرنى فەتخ قىلغاندا دېقانچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە قېلىشىغا ئىزىن بەردى ( بۇخارى ) ۋە ئۇلارغا ئەنسارىلاردىن بىر ئەمىر تەيىن قىلدى. ( بۇخارى) ئۆمەر ئىبنۇل خەتتاب ، خەلىپىلىك قىلغان دەۋرىدە ئۇلارنى چىقىرىۋەتكەنگە قەدەر ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ كۆپچىلىكى يەھۇدى ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال ئۇ يەرنىڭ دارۇل ئىسلام بولۇشىغا توسالغۇ بولمىدى. چۈنكى خەيبەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئېلىكىدە ئىدى ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرى تەدبىق قىلىناتتى.

ئەبۇ قاسىم ئەررافى ئەششافى مۇنداق دېگەن: « بىر دۆلەتنىڭ دارۇل ئىسلام بولۇشى ئۈچۈن ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ بار بولۇشى شەرت ئەمەس. ئۇيەرنىڭ ، ئىمامنىڭ ( رەھبەرنىڭ ـ ت) قولىدا بولۇشى ۋە ئىمامنىڭ بولسا مۇسۇلمان بولۇشى كۇپايىدۇر. » ( فەتھۇل ئەزىز شەرھۇل ۋەجىز، 14/8)

*ئىككىنچىسى : دۆلەتتە ئىسلام ياكى كۇفرى بەلگىلىرىنىڭ كۆرۈلىۋاتقان بولۇشى ، دۆلەت توغرىسىدا بېرىلىدىغان ھۆكۈمدە ھېچقانداق تەسىرگە ئىگە ئەمەس.*

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە دىننى ئاشكارىلايتتى، دەۋەت قىلاتتى ۋە مۇشرىكلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنى، ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىرىدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەككىنىڭ فەتىخ قىلىنىشىدىن بۇرۇن ئىدى.

ئوخشاشلا ساھابىلەردىن بەزىلىرى ئاشكارا ھالدا ناماز ئوقۇيتتى ۋە قۇرئان ئوقۇيتتى . ئەمما بۇ ئەھۋال مەككىنىڭ دارۇل ئىسلام بولۇشىنى تەمىن ئەتمىگەن ئىدى. ئەكسىچە ئۈستۈنلۈك كافىرلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلغان ئىدى.

ئوخشاشلا زېمىنلەردەك بەزى كافىرلارنىڭ دارۇل ئىسلامدا ئولتۇرىۋاتقان بولۇشى ۋە دىنىنىڭ سىموۋۇللىرىدىن بولغان بىرقاتار ئىشلارنى ئاشكارا ئادا قىلىۋاتقان بولۇشى ئۇ يەرنى دارۇل كۇفرى قىلىپ قويمايدۇ. چۈنكى كۇفرى سىموۋۇللىرىنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلىشى كافىرلارنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزنى بىلەن بولغان.

دۆلەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھۆكۈمدە سىموۋۇللارنىڭ ئاشكارا ئادا قىلىنىشىنىڭ ھەرقانداق بىر تەسىرى يوق. شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ : « ئېتىبار بېرىلىدىغىنى ، سۆز قىلىش ھەققىنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىدۇر. بىر دۆلەتتە كافىرلاردىن بىرىنىڭ كۇفرىنى ئاشكارا قىلالىشى ، پەقەت مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىزنىگە باغلىق بولىدىغان رەۋىشتە دۆلەتتىكى بۇيرۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا ئائىت بولسا ، ئۇ يەر دارۇل ئىسلامدۇر. كۇفرى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرغا چىقىرىلىشى بىرەر زەرەر بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ، كافىرلارنىڭ كۈچى ياكى ھۆجۇمى بىلەن بولغان ئەمەس. بەئەينى يەھۇدى ، خىرىستىيان ياكى شەرتلىشىش ئاستىدا ئىسلام شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان زىممىيلەردە كۆرۈلگىنىدەك. ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىمۇ دەل ئەكسىچە بولىدۇ.» ( ئەسسەيلۇل جەررار ، 575/4)

*ئۈچىنچىسى : دۆلەتتە ياشاۋاتقان بىرەر گۇرۇپپىنىڭ ئامانلىق ئىچىدە بولۇشىنىڭمۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىگە بىرەر تەسىرى بولمايدۇ.*

زىممىيلەر دارۇل ئىسلامدا ئامانلىق ئىچىدىدۇر. ئەمما بۇ ئۇ يەرنىڭ دارۇل ئىسلام بولۇشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغىنىدا ئۇ يەردە ئامانلىق ئىچىدە ئىدى؛ بۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەر دارۇل كۇفرى ئىدى. يەنە مەككىلىكلەر نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن توختاملاشقان مەزگىلدە ( ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن فەتخكە قەدەر ) مۇسۇلمانلارنىڭ جان ئامانلىقى مەۋجۇت ئىدى. ھەتتا ئۇلار قازا ئۆمرىسىنىمۇ ئادا قىلىشتى. ئەمما بۇ ئامانلىقمۇ ، فەتخكە قەدەر مەككىنىڭ دارۇل كۇفرى بولۇشىغا دەخلى قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : « فەتختىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق» دېگەن؛ « سۈلھىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق » دېمىگەن. كۆرۈلگىنىدەك بىر دۆلەت ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتكەن ئىللەت ئۆزى يالغۇز ئامانلىق بولماستىن ، بەلكى ئۇ يەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۈستۈنلۈكتۇر.

بۇ يەرگىچە بايان قىلىنغانلاردىن كېلىپ چىققان خۇلاسە شۇكى : بۈگۈن مۇرتەد ھۆكۈمرانلار كۇفرىدىن ئىبارەت بولغان ئىنسانى قانۇنلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولسىمۇ ، جۈمە ۋە جامائەت نامازلىرىغا ئوخشاش دىنىنىڭ سىمۋوۋۇللىرىدىن بەزى ئىشلارنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئېلىپ بارالىسىمۇ بۇ دۆلەتلەر كۇفرى دۆلەتلىرىدۇر. چۈنكى ئۈستۈنلۈك ۋە يۈرگۈزۈلىۋاتقان ھۆكۈملەر كافىرلارغا ئائىتتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىغا ئائىت بولغان سىمۋوۋۇللارنى ئوتتۇرغا قويالىغىنىغا كەلگەندە بۇ ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى سەۋەبلىك بارلىققا كەلمەستىن ، كافىر ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزىن نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بىر ئەھۋالدۇر. ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى قورقۇنچقا ئۆزگەرتىشنى ياكى كۈچ ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى مۇشەققەتلىك ئەھۋالدا قالدۇرۇشنى خالىسا بۇنى قىلالىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۈگۈن كۆپلىگەن دۆلەتتە تېرور بىلەن ياكى چېكىدىن ئاشقان دىندارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش نامى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىش مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

## دارۇل كۇفرىنىڭ تۈرلىرى

دارۇل كۇفرى كۆپ تەرەپتىن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىم : دارۇل كۇفرى ياكى دارۇل شېرىكتىن ئىبارەت. بۇلارنى مۇنداق تەرتىپكە تىزالايمىز :

***دۆلەتنىڭ باشتىن تارتىپ كۇفرى دۆلتى بولۇشى ياكى كېيىن كۇفرى دۆلتىگە ئايلىنىشى نۇقتىسىدىن تۈرلىرى***

*ئەسلى دارۇل كۇفرى بولغان دۆلەت* : ھېچقاچان دارۇل ئىسلام بولۇپ باقمىغان دۆلەتتۇر. مەسىلەن : ياپونىيە ، جۇڭگونىڭ شەرقى ، ئەنگلىيە ، شىمالى ئامرىكا ، جەنۇبى ئامرىكا ۋە ئاۋىستىرالىيەگە ئوخشاش.

*كېيىن دارۇل كۇفرى بولغان دۆلەت* : بىر زامانلاردا دارۇل ئىسلام بولۇپ كېيىن ئەسلى كافىرلار قولىغا كىرگۈزىۋالغان دۆلەتتۇر. مەسىلەن ئەندەلۇس ( ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە )، فەلەستىن ، بىر زامانلاردا ئوسمانى ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان شەرقى ياۋرۇپا دۆلەتلىرى ، رومىنىيە ، بولغارىيە ، يۇگوسلاۋىيە ، گرېتسىيە ۋە ئالبانىيەگە ئوخشاش.

*دارۇل رىددە* : بۇ بولسا كېيىن دارۇل كۇفرى بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىر تارمىقىدۇر. بىر چاغلاردا دارۇل ئىسلام بولغىنىدا ، مۇرتەدلەر ئۈستۈنلۈكنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ كۇفرى ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلغان دۆلەتلەردىن ئىبارەت. بۈگۈن ئىسلام دۆلەتلىرى دەپ ئىسىم قويۇلغان دۆلەتلەر بۇ سىنىپقا كىرىدۇ. ئەرەپ دۆلەتلىرىمۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا. بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى دارۇل كۇفرى باسقۇچىغا ئەھلى سەلىبنىڭ مۇستەملىكە قىلىشى ئەسناسىدا ئۆتكەن. بۇ مەزگىللەردە ئەھلى سەلىبلەر بۇ دۆلەتلەردە ئىنساني قانۇنلارنى بىكىتكەن ، ئۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئورنىغا ئاشۇ دۆلەت خەلقىدىن بولغان مۇرتەدلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان.

دارۇل كۇفرى بىلەن دارۇل رىددە ئارىسىدا فىقھى ھۆكۈملەردە بەزى پەرقلەر مەۋجۇت.

بۇ يەردە مۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەتنى تارتماقچىمىز : كىتابلىرىمىزدا كۆپىنچە بۇ دۆلەتلەرگە « مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى » دەپ باھا بېرىشىمىز ، يۇرت ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەندۇر. بۇ باھالاش ، دارۇل ئىسلام ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئەمەس. ئەكسىچە بۇ دۆلەتلەر كۇفرى ۋە رىددەت دۆلەتلىرىدۇر. بۇ يەرلەردىكى كافىر ھۆكۈمرانلارغا قارشى جىھاد قىلىش ، مۇسۇلمان خەلقكە « پەرز ئەين » دۇر. بۇنى كۆپ يەردە بايان قىلدۇق.

### *دارۇل ئىسلام بىلەن بولغان ئالاقىلىرى نۇقتىسىدىن دارۇل كۇفرىنىڭ تۈرلىرى*

*دارۇل ھەرب* : دارۇل ئىسلام بىلەن ئارىسىدا ھەرقانداق بىر تىنچلىق ياكى ئۇرۇش توختىتىش بولمىغان دۆلەتتۇر. قويۇلغان ئىسمىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن فىئلى بىر ئۇرۇشنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىرەر تىنچلىق سۈلھىسىنىڭ يوقلۇقى يېتەرلىكتۇر. بۇ ، مۇسۇلمانلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئۇ دۆلەتنىڭ خەلقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا دارۇل ھەرب دەپ ئىسىم بېرىلگەن.

*داۋرۇل ئەھد* : داۋرۇل ئىسلام بىلەن ئارىسىدا ئۇرۇش توختىتىش ۋە تىنچلىق بولغان دۆلەتتۇر. خۇددى ھىجرىيە 6 ـ 8 يىللىرى ئارىسىدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن فەتىخكە قەدەر بولغان مەزگىلدىكى مەككىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش.

كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەرك قىلىپ تىنچلىق سۈلھىسى تۈزۈش ، مۇسۇلمانلار ئاجىزلاپ كەتكەن ۋەزىيەتتە بولغاندەك ، پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى سۆز تېمىسى بولسا جائىز بولىدۇ. ئايەتتە مۇنداق كېلىدۇ :

« (كافىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كافىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىبتۇرسىلەر، اللە سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، اللە ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ.» ( مۇھەممەد : 35 )

چۈنكى اللە تەئالا دىن پۈتۈنلەي اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئۈستىمىزگە پەرز قىلغان، ئۇلار بىلەن تىنچلىق تۈزۈشكە پەقەت ئېھتىياجلىق ۋەزىيەتتىلا ئىزنى بەرگەن. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

«مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېڭلار...» ( تەۋبە : 5 )

« پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار...» ( ئەنفال : 39 )

تىنچلىق سۈلھىسىنىڭ پەقەت مۇسۇلمان ئىمام ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى تەرىپىدىن تۈزۈلىشى جائىز. دەۋرىمىزدە بۇنداق بىر ئىمام تېپىلمايدۇ. شۇڭا شەرئەن سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغان بىراۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ، كافىر رەھبەرلەر تۈزگەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەر قانداق بىر سۈلھى كۈچكە ئىگە ئەمەس. بۇ سۈلھى ھېچ تۈزۈلمىگەنگە ئوخشاش؛ چۈنكى ھۆكۈم جەھەتتىن يوق ھېسابلانغان نەرسە ئەمەلىيەتتىمۇ يوق ھېسابلىنىدۇ.

### *مۇسۇلماننىڭ جېنىنىڭ ئامان بولۇشى نۇقتىسىدىن داۋرۇل كۇفرىنىڭ تۈرلىرى*

*داۋرۇل ئەمن* : مۇسۇلمانلارنىڭ جان ئامانلىقى بار بولغان دۆلەتتۇر. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ساھابىلەرنىڭ مەككە كافىرلىرىنىڭ ئىسكەنجىلىرىدىن قېچىپ ھىجرەت قىلغان ھەبەشىستاننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش.

*داۋرۇل فىتنە* : مۇسۇلمانلارنىڭ جان ئامانلىقى يوق بولغان دۆلەتتۇر. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى مەككىنىڭ ئەھۋالى ۋە بۈگۈنكى رىددەت دۆلەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش.

# دارۇل ئىسلامنىڭ تۈرلىرى

ئىلىم ئەھلىنىڭ كىتابلىرىدا دارۇل ئىسلامنىڭ تۈرلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن يەردە ئالاھىدە ئىستىلاھلار ئىشلىتىلگەن. مىسال سۈپىتىدە بۇلارنى بىرەلەيمىز :

*دارۇل بەغى* : ئىسيانكارلار ياكى خارىجىلار دارۇل ئىسلامنىڭ ھەر قانداق بىر بۆلىكىدە مۇستەقىل ھالدا ھۆكۈم تەدبىق قىلىدىغان يەردۇر. بۇنىڭ زىتى بولسا « دارۇل ئەدل ». بۇ يەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامىنىڭ ھۆكۈمى ئاستىدا بولغان يەردۇر.

*دارۇل فىسق* : دارۇل ئىسلامدا فىسقى ـ فۇجۇر كەڭرى تارقالغان رايون. يۈز كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىستىمۇ كەلگىنىدەك، ئىچىدە الله تەئالاغا قارشى ئىشلەنگەن گۇناھلار كۆپ بولغان رايوننى تەرك قىلىش مۇستەھەبتۇر. ھەدىستە ئالىم كىشى ئۇنىڭغا، ئۇ يامان يەر دەپ ئاتىغان رايوندىن ئايرىلىپ سالىھ بىر جامائەت بار بولغان رايونغا بېرىشىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە اللەقا ئىبادەت قىلىشىنىڭ ، قىلغان تەۋبىسىگە ياردەمچى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

*دارۇ ئەھلىز زىممە* : بۇ دارۇل ئەھد ۋە دارۇل سۇلھ ئەمەس. چۈنكى ئۇلار دارۇل كۇفرىنىڭ تۈرىگە تەۋە . دارۇ ئەھلىز زىممە بولسا ئىسلام دىيارىدۇر.نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋرىدە مۇسۇلمانلار بويىچە فەتىخ قىلىنغاندىن كېيىنكى خەيبەرنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق ئىدى.

دارۇ ئەھلىز زىممىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇھەممەد ئىبنۇل ھەسەننىڭ ئىپادىلىگىنىدەكتۇر.ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « قوشۇننىڭ قوماندانى، دۈشمەن شەھەرلىرىدىن بىرىنى قورۇشىغاندا بىر قىسمى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ، بىر قىسمى بولسا ئەھلىز زىممە بولۇپ « ئۆيىمىزدىن ئايرىلمايمىز» دەيدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار ، سىرتتىن كېلىدىغان ھۇجۇملارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلارنى دەستەكلەشكە ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن بىرقىسمىنى ئۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇشقا كۈچى يېتىدىغان ئەھۋالدا بولسا ، ئەمىر بۇنى قىلىشى كېرەك.»ئەس سەراھسى بۇنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ : « چۈنكى ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنلىرىنى يۈرگۈزۈش مۇمكىندۇر. مۇسۇلمانلار قانۇنلىرىنىڭ تەدبىق قىلىنىشى بىلەن ئۇ دۆلەت مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى بولىدۇ. ئىمام ئۇ يەرنى دارۇل ئىسلام ، جەمئىيىتىنى بولسا ئەھلىز زىممە قىلىدۇ.» ( ئەسسىيەرۇل كەبىر ، 2196/5 ـ 2197)

# دۆلەتنىڭ خارەكتېرى ۋە ھۆكمىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىر دۆلەتكە ئائىت بولغان خارەكتېر ، ھېچ ئۆزگەرمەيدىغان تۇراقلىق ئالاھىدىلىكلەردىن ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ يەرنى ئىلىكىدە تۇتقان سىنىپقا ۋە يۈرگۈزۈلىۋاتقان قانۇنلارغا كۆرە ئۆزگىرىشى مۇمكىندۇر. بىر دۆلەت خۇددى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەككىگە ئوخشاش بىر مەزگىل دارۇل كۇفرى بولۇپ كېيىنچە دارۇل ئىسلام بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك بەزىدە ئەندەلۇس ۋە فەلەستىنگە ئوخشاش دارۇل ئىسلام بولۇپ كېيىنچە دارۇل كۇفرى بولۇشى مۇمكىن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ : « بىر يەرنىڭ دارۇل كۇفرى ، دارۇل ئىسلام ، دارۇل ئىمان ، دارۇسسىلم ، دارۇل ھەرب ، دارۇ تائات ، دارۇ مەئسىيەت ، دارۇل مۇئمىمن ، دارۇل فاسىقىن بولۇشى ئۆتكۈنچى باھالاشلاردىن بولۇپ ئىزچىللىقنى ئىپادىلىمەيدۇ. بىراۋنىڭ كۇفرىدىن ئىمانغا ۋە ئىلىمگە ئۆتۈشى ياكى دەل ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك ، دۆلەتمۇ بىر خارەكتېردىن يەنە بىرسىگە ئۆتەلەيدۇ.» ( مەجمۇئۇل فەتەۋا ، 45/27)

ئىبنى ھاجەر ئەل مەككى ئەل ھەيتەمى ، شافىئي فىقھىسى ئاساسىدا يېزىلغان « تۇھفەتۇل مۇھتاج لىشەرھىل مىنھەج » ناملىق ئەسىرىدە دارۇل ئىسلام كافىرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنسا ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلسىمۇ ئۇ يەرنىڭ دارۇل كۇفرى بولمايدىغانلىقى قارىشىدا بولغان. بۇ ھەقتە مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدۇ : « ئىسلام ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭغا ئۈستۈن كېلىدىغان يوقتۇر.» ( داراقۇتنى ، ھەسەن بىر ئىسناد بىلەن ئەئىز بىن ئەمىردىن مەرفۇ ھالدا رىۋايەت قىلغان . بۇخارىمۇ « كىتابۇل جەنائىز » مۇئەللەق ھالدا رىۋايەت قىلغان. فەتھۇلبارى ، 3/218 ـ 220)

زاماندىشلىرىمىزدىن بەزىلىرىمۇ ئىبنى ھاجەرنىڭ بۇ قارىشىنى ئۆزلەشتۈرگەن. ھالبۇكى بۇنىڭ باتىل ئىكەنلىكى ئاپئاشكارىدۇر. مەخسۇس ( خاس ) بولغان دەلىللەر ، دۆلەت ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈم ئىللىتىنىڭ ئۈستۈنلۈك ۋە ئۇ يەردە كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈملەر ئىكەنلىكىگە ئالاقىداردۇر. بۇ خاس دەلىللەر ، ئىبنى ھاجەر كەلتۈرگەن دەلىللەردەك ئومۇمى دەلىللەرگە تەرجىھ قىلىنىدۇ( يەنى ئەۋزەل كۆرۈلىدۇ ـ ت) . ئالىملار خاس بولغان دەلىللەرنىڭ ، ئومۇمى بولغان دەلىللەرگە تەرجىھ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئىجماغا كەلگەن.

ئەگەر ئىبنى ھاجەر ئەل مەككىنىڭ سۆزى توغرا بولسا ئىدى ، مۇسۇلمان بولغان بىر كىشى ھەتتا كۇفرىنى ئىشلىسىمۇ ، قايتا ھەرگىز كافىر بولمايدىغانلىقىنى ئىپىتش جائىز بولاتتى. ئەمما بۇ ، نەس ۋە ئىجماغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ : « كىم دىنىنى ئۆزگەرتسە ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار.» ( بۇخارى)

ئىبنى ھاجەرنىڭ قىلغىنىدەك ئومۇمى نەس بىلەن مەخسۇس نەسلەرگە قارشى چىقىلىشى ۋە بۇ نەسكە ئوخشىغان ھۆكۈملەرنىڭ بىقىندۇرۇلىشى مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ « دارۇل ئىسلام دارۇل كۇفرىغا قايتمايدۇ » دېگەن سۆزى دەلىللەر بىلەن توقۇنۇش بىلەن بىرلىكتە كۆپچىلىك فۇقاھالارنىڭ قارىشىغىمۇ خىلاپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىدىغان بولساق، خىرىستىيان ئىسپانىيە بۈگۈن دارۇل ئىسلام سانىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ يەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى دارۇل ئىسلام ئىدى ( ئەندەلۇس). بۇ بولسا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدىكى ئىسلام دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىشىنىڭ ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ يەردە ئۆزلىرىگە تەدبىقلىنىدىغان كۇفرى ھۆكۈملىرىنى خالاپ قوبۇل قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ، ئىسپانىيەدە تۇرىۋاتقانلارنىڭ باشقا يەرگە ھىجرەت قىلىشىنىڭ بولسا ھارام ئىكەنلىكى ئىپادىلەيدۇ ؛ چۈنكى دارۇل ئىسلامدىن ھىجرەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ، مۇسۇلمانلارغا خىرىستىيان ئىسپانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا كۆرە ئۇ يەر دارۇل ئىسلامدۇر. ئەگەر كافىرلار ئىسپانىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا ھەر بىر مۇسۇلمانغا دارۇل ئىسلام بولغان ئىسپانىيەنى قوغداش ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئىبنى ھاجەرنىڭ بۇ سۆزى تەقەززا قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى سانىشىمىز مۇمكىن . بۇ سۆزنىڭ ۋە ئاقىۋېتىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكى ئاپئاشكارا كۆرۈلىۋاتماقتا.

## كافىرلارنىڭ دارۇل ئىسلامنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرى

بۇ ئىشغال قىلىش ئىككى خىل :

*تولۇق ئىشغال* : بۇ، كافىرلارنىڭ دارۇل ئىسلامدا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈپ ، كۇفرى ھۆكۈملىرىنى تەدبىق قىلىشىدۇر. بىر دۆلەت ، ئىللەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى سەۋەبلىك دارۇل كۇفرى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىنسانى قانۇنلار بىلەن باشقۇرىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىمۇ كىرىدىغان بولۇپ ، بۇ يەرلەرمۇ دارۇل كۇفرى بولغاندۇر.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىمدىن : « ئىنسانى قانۇنلار بىلەن باشقۇرىلىۋاتقان مۇسۇلمان دۆلىتىدىن ھىجرەت قىلىش لازىممۇ ؟ » دەپ سورالغىنىدا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ : « ئىنسانى قانۇنلار بىلەن باشقۇرىلىۋاتقان دۆلەت ئىسلام دۆلىتى ئەمەس . شۇڭا ئۇ يەردىن ھىجرەت قىلىش ۋاجىپتۇر . ئەمەلىيەتتە بىر دۆلەتتە بۇتپەرەسلىك ، ھېچقانداق ئىنكار قىلىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇچرىماستىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە

بولغىنىدىمۇ ھىجرەت ۋاجىپ بولىدۇ.  ئۇنداقتا بىر يەردە كۇفرى يېيىلىپ ئۈستۈن بولغان ۋەزىيەتكە كەلگەندە ئۇ يەر كۇفرى دۆلىتى بولغان بولىدۇ.» ( فەتەۋا ۋە راسائىلۇش شەيخ مۇھەممەد بىن ئىبراھىم ئالۇششەيخ ، 188/6)

*يېرىم ئىشغال* : بۇ ، كافىرلار دارۇل ئىسلامنى قولغا كىرگۈزۈشكەن ھالەتتە ئۇ يەردە ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ يۈرگۈزۈلىۋاتقان بولۇشىدۇر . ھىجرىيە 700 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇڭغۇللارنىڭ شامنى قولغا كىرگۈزۈشىنى بۇنىڭغا مىسال قىلالايمىز. ئۇ مەزگىلدە مۇڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا چىڭگىزخاننىڭ ‹ ياساق › ئىسىملىك قانۇنىنى تەدبىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالىملارنىڭ ئۇلارنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقىغا قارىماي ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىچىدە شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشلىرى ئۈچۈن قازىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قالدۇرغانلىقى تارىختا سابىتتۇر. ( قاراڭ : سىددىق ھەسەن خان، ئەل ئىبراس ، 232؛ مۇھەممەد ماھىر هامادە، ۋاسائىقۇل ھۇرۇبىسسالىبىييەتى ۋەل غازۋىل ماغۇلى )

شەرئى ھۆكۈملەر تەدبىقلانغان مۇددەتچە بىر دۆلەتنىڭ دارۇل كۇفرى بولمايدىغانلىقىدەك كۆز قاراش كۆنىمىزدىكى فەقىھلەردىنمۇ نەقىل قىلىنغان. ( قاراڭ : سىددىق ھەسەن خان ، ئەل ئىبرا ، 232 ۋە كېيىنكىسى ) توغرىسى شۇكى كافىرلار ھەر قانداق بىر ئىسلام يۇرتىنى ئىشغال قىلغان ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرى يەنىلا ئۇ يەردە يۈرگۈزۈلىۋاتقان بولسا ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى سەۋەبلىكمۇ بولىدىمۇ ياكى كافىرلار ئىزىن بەرگەنلىكى ئۈچۈن بولىدىمۇ بۇنى ئايرىش كېرەك. ئىسلام ھۆكۈملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى سەۋەبلىك يۈرگۈزۈلگەن ھالەتتە قېلىپ قالغان بولسا ئۇ يەر دارۇل ئىسلام بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن، مۇڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى ئەسناسىدا شامدا مەيدانغا كەلگەن ھادىسە بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇ ئەھۋال ، ئىسلام ھۆكۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا مۇسۇلمانلار قوزغىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئىشغالچى كافىرلارنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . كافىرلار بۇنداق بىر ئىككى يۈزلىمىلىكنى پەقەت تولۇق بولغان بىر ئىشغالغا ۋە ئۈستۈنلۈككە كۈچ يەتكۈزەلمىگەن ۋەزىيەتتە قىلىدۇ . شامدىكى ئەھۋالمۇ مۇشۇنداق ئىدى. ئۇ مەزگىلدە مۇڭغۇللار بىلەن شام ۋە مىسىرلىقلار ئارىسىدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. بەزىدە ئۇلار بەزىدە مۇسۇلمانلار غەلبە قىلاتتى . شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييەمۇ بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بەزىلىرىدە بار ئىدى . ھۆكۈمران كافىر بولسىمۇ ئۈستۈنلۈككە تويپتولۇق ئىگە بولالمىغانلىقى ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ تەدبىقلىنىشىنىڭ داۋاملىشىشى سەۋەبلىك دۆلەت دارۇل ئىسلام ھالىتىدە قالدى. ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بىر ھۆكۈمران ، مۇرتەد بولغىنىدا ھۆكۈملەردىن ھېچقايسىنى ئۆزگەرتمىسە دۆلەت يەنىلا دارۇل ئىسلام ھالىتىدە قالىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا مۇسۇلمان بىر ئىمامنى تەيىن قىلىش ئۈچۈن ( ئىشغالچى ياكى مۇرتەد بولسۇن ) كافىر ھۆكۈمرانغا قارشى

ئۇرۇش قىلىشى زۆرۈر. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن جىھاد قىلىش فەرز ئەيندۇر ۋە بۇ مۇداپىيە جىھادىدۇر.

ئەمما كافىرلارنىڭ ئىشغال قىلىشى بىلەن بىللە دۆلەتتە ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھالدا قېلىپ قېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس بەلكى غەلبە قىلغان كافىرلار تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر ئىزنى بىلەن بولسا ، ئۇ يەر دارۇل كۇفرى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇشسا ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. بۇ ئەھۋال ، ئىسپانىيەلىكلەر ئىشغالىنىڭ باشلانغۇچ مەزگىلىدە ئەندەلۇستا مەيدانغا كەلگەن . مۇھەممەد ئىبنى جافەر ئەل قەتتانى مۇنداق دەيدۇ : « ئىسپانىيەلىكلەر كۆپلىگەن جەڭدىن ۋە چوڭ بىر قورۇشاشتىن كېيىن ئەندەلۇس خەلقىنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغاندا ئەندەلۇسلىقلار ئۇلارغا بەزى شەرتلەرنى قوشۇپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىشنى قوبۇل قىلىشتى. بۇ شەرتلەرنىڭ 55 ياكى 67 گە يېقىن ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا باللارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ جان ، ئائىلە ۋە مال ئامانلىقى ، كىشىلەرنىڭ ئۆي ـ ۋاقلىرىدا ، مۈلكىدە قېلىپ قېلىشى ، شەرىئەت باردىكىدەك تەدبىقلىنىشى ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇلار توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم قىلماسلىقى ، مەسجىدلەرنىڭ ۋە ۋەقپىلەرنىڭ باردىكىدەك قېلىپ قېلىشى بار...الله تەئالا ئۇلارغا قەھر قىلسۇن ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىغا بولۇۋاتقانلىقىنى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ زىممى كېلىشىمى ئاستىغا كىرگىنىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا كۈچ يەتكۈزەلەيدىغان بولغانلىقى كۆرۈشكىنىدە خائىنلىق قىلىشقا باشلىدى . دەسلەپتە مۇسۇلمانلار قوشقان بۇ شەرتلەرنى بىرمۇ بىر بۇزۇشقا باشلىدى ۋە بۇ ئەھۋال شەرتلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇلغانغا قەدەر داۋاملاشتى . مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى تامامەن يوق بولدى . غايەت بىر ئاجىزلىققا ۋە خارلىققا دۇچار بولۇشتى ... كېيىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيان بولۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرىپ ئىسلامنىڭ بەلگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تەرك قىلىشقا زورلاشتى.» ( نەسىھەتۇ ئەھلىل ئىسلام ، 102 ـ 103)

باشلانغۇچ چاغلاردا كافىرلارنىڭ ئىزنى بىلەن ، شەرىئەت ھۆكۈملىرى تەدبىق قىلىنىۋاتاتتى . ئەمما بۇ ، دۆلەتنىڭ دارۇل كۇفرى بولۇپ خارەكتېرلىنىشىنى توسمىدى . خۇددى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ زىممىلەرگە ، ئۆزلىرىنىڭ بەلگىسىنى تەدبىقلىشى ياكى بەزى ئەھۋاللاردا راھىبلىرىدىن ھۆكۈم ئېلىشى ئۈچۈن ئىزنى بېرىشىنىڭ دۆلەتنىڭ دارۇل ئىسلام بولۇشىنى توسمىغىنىغا ئوخشاش.

## بىراقلا ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان دۆلەت

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ دۆلەتنىڭ يەنە ئۈچىنچى بىر تۈرى بار دېگەن قاراشقا ئىگە. بۇ بولسا ئۆزىدە ئىككى ئالاھىدىلىكنى بىراقلا ( ئىسلام ۋە

كۇفرى ) مۇجەسسەملەشتۇرگەن دۆلەتتۇر. ئۇنىڭدىن « ماردىن دارۇل ھەربمۇ دارۇل ئىسلاممۇ؟ ئۇ يەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىشى زۆرۈرمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولسا ھىجرەت قىلماستىن دۈشمەنلەرگە جېنى ۋە مېلى بىلەن ياردەم قىلغان بۇ ۋەزىيەتتە گۇناھكار بولامدۇ ؟ مۇشۇنداق بىرەيلەننى نىفاق بىلەن ئەيىبلىگەن ۋە ھاقارەت قىلغان كىشى گۇناھكار بولامدۇ بولمامدۇ؟ » دېگەندەك سوئاللار سورالغىنىدا مۇنداق جاۋاب بەرگەن : « ماردىندە ياكى باشقا يەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرى ھارام . مەيلى ماردىن خەلقى بولسۇن مەيلى باشقىلار بولسۇن ئىسلام شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرگە ياردەم بېرىشمۇ ھارامدۇر. ئۇ يەردە ياشىغان بىرى ئەگەر دىنىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز بولسا ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇنداق بىر ئاجىزلىق مەۋجۇت بولمىسا ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ ئەمەس مۇستەھەپتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ، دۈشمەنلىرىگە جانلىرى ياكى ماللىرى بىلەن ياردەم قىلىشى ھارام . يا قېچىش ئارقىلىق ، يا تەۋرىيە قىلىش ئارقىلىق ياكى ئالداش ئارقىلىق ؛ قايسى يول بىلەن بولسا بولسۇن ، بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ . ئەگەر بۇنىڭدىن ساقلىنىشى پەقەت ھىجرەت قىلىش بىلەن مۇمكىن بولسا ھىجرەت قىلىشى پەرز بولىدۇ .

بۇ كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيسىغا ھاقارەت قىلىش ۋە نىفاق بىلەن ئەيىبلەش ھالال بولمايدۇ . بۇ پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن شەكىل بىلەن بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلار ئۈچۈن جائىزدۇر. ماردىنلىقلار ياكى باشقىلار بولسۇن ، ھەركىم ئۈچۈن بۇ قائىدە كۈچكە ئىگە.

دارۇل ھەرب ياكى دارۇل ئىسلام بولۇشىغا كەلگەندە ، ئۇ يەر بۇ ئىككى خارەكتېرنى مۇجەسسەملىگەن بىر دۆلەتتۇر ( دارۇل مۇرەققەبە ). بۇ مۇنداق ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ : بۇ يەر نە قوشۇنى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۈچۈن ئىسلام ھۆكۈملىرى تەدبىقلانغان بىر دارۇل ئىسلام ۋەزىيىتىدە بولسۇن ، نە خەلقى كافىر بولغان دارۇل ھەرب ۋەزىيىتىدە بولسۇن. ئەكسىچە ئۈچىنچى بىر تۈردۇر. ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا لايىقىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ ، ئىسلام شەرىئىتىدىن چىققانلار بىلەن بولسا ھەقلىق رەۋىشتە ئۇرۇش قىلىنىدۇ. » ( مەجمۇئۇل فەتەۋا ، 28/240 ـ 241)

ماردىن بۈگۈن تۈركىيەنىڭ شەرقى جەنۇبىدا سۈرىيە چېگراسىغا يېقىن بىر يەرگە توغرا كېلىدۇ.

سوئالدىن ۋە جاۋابىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ : ماردىننى كافىرلار ( مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ) ئىشغال قىلىۋالغان . ئۇ يەردە نە ئىسلام ھۆكۈملىرى تەدبىقلانسۇن ۋە نە قوشۇنى مۇسۇلمان بولسۇن. خەلقى بولسا كافىر ۋە مۇسۇلمان ئارىلاش . بۇ يەرنىڭ دارۇل ھەرب ئىكەنلىكى شۈبھىسىز . دارۇل ھەرب

بولۇشى ئۈچۈن شەيخۇلئىسلامنىڭ ئېيتقىنىدەك خەلقنىڭ كافىر بولۇشى شەرت ئەمەس . بىر دۆلەت ھەققىدە بېرىلىدىغان ھۆكۈمنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلىۋېتىپ ، خەلقنىڭ دىنىنىڭ ئۆلچەم بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق . شەيخۇلئىسلامنىڭ دۆلەتلەرگە يەنە ئۈچىنچى بىر تۈرنى قوشۇشى ، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئالىملارنىڭ ، دۆلەتلەرنىڭ ئىككى قىسىم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىجمالىرى بىلەن چىرىتىلمەكتە . بۇ سەۋەپتىن نەجدلىق ئالىملار ئۇنىڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۈچىنچى بىر تۈرى بار دېگەن سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن : « ( كۇفرى قانۇنلىرى بىلەن ) ھۆكۈم قىلىنغان بىر دۆلەت دارۇل كۇفرىدۇر .»

بۇ يەردە دىققەتنى تارتماقچى بولغان نۇقتىمىز دۆلەتلەرنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقى ، ئۈچىنچى بىر خىل دۆلەت تۈرىنىڭ يوقلۇقىدۇر. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش ، دۆلەت خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا قىياسەن بىر تۈرلۈك باھالاش بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ھۆكۈم بولالمايدۇ. ھەر قانداق كىشىگە ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان مۇئامىلىنى قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپ يوق . مۇسۇلماننىڭ مەيلى قەيەردە بولسا بولسۇن قېنى ۋە مېلى ئامانلىق ئىچىدە بولىدۇ. ئەمما بۇ پەرقلىق مۇئامىلىلەر دۆلەتنى ئۈچىنچى بىر تۈرگە تەۋە قىلمايدۇ. ئىبنىڭ تەيمىيە ئۆزى ، فاتىملار دەپ خاتىرلەنگەن ئۇبەيدىلەرنىڭ ئىشغالىيەت مەزگىللىرىدە ، ئۇلارنىڭ زىندىق ۋە مۇرتەد بولغانلىقى سەۋەبلىك مىسىرنىڭ دارۇل رىددە ئىكەنلىكىنى نەقىل قىلغان . ( مەجمۇئۇل فەتەۋا ، 178/13) ھالبۇكى مىسىردا ئۇلارنىڭ ئىككى يۈز سەكسەن يىلغىچە داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا شەرىئەت ئەھكامى يۈرگۈزۈلگەن ھالەتتە ئىدى ( ئەل بىدايە ۋەننىھايە ، 267/12) ۋە مىسىر خەلقىنىڭ كۆپچىلىكىنى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلاتتى. ئەمما ئۇبەيدىلەرنىڭ تولۇق ئىشغال قىلىشى سەۋەبى بىلەن دۆلەت دارۇل رىددە بولغان ئىدى ۋە ئۇ يەردە شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىنىشىغا ئىزنى بەرگەنلىكىنىڭ بۇنىڭغا بىرەر تەسىرى بولمىغان ئىدى.

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ : « مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ھالەتتە ، ئالىملار كافىرغا چىقارغان، ئۇلارنىڭ رىددەتلىرىگە ۋە ئۆلتۈرۈلۈشىگە پەتىۋا بەرگەن كىشىلەرنى ساناشقا باشلىساق سۆز بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ . ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن بىرى بولسا ، مىسىر پادىشاھلىرى بولغان بەنى ئۇبەيد ۋە تەرەپدارلىرى بىلەن ئالاقىدار ۋەقەدۇر. ئۇلار ئەھلى بەيتتىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشاتتى. جۈمە ۋە جامائەت نامازلىرىنى داۋام قىلاتتى ، قازىلار ۋە مۇفتىلار تەيىن قىلىناتتى . ئەمما ئالىملار، ئۇلارنىڭ كافىر ۋە مۇرتەد ئىكەنلىكى ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش كېرەكلىكى خۇسۇسىدا، ئەينى ۋاقىتتا خەلقى سەسكىنىش ئاستىدا ۋە ئۇلارغا نەپرەتلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، دۆلىتىنىڭ دارۇل ھەرب ئىكەنلىكى ۋە بۇ سەۋەبلىك ئۇلار قارشى ئۇرۇش قىلىنىدىغانلىقى توغرىلىق ئىجماغا كەلگەن. » ( ئەرراسائىلۇش شەخسىييە ، 220 )

ئەگەر مىسىر، ئۇبەيدىلەرنىڭ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ شەرئى قازىلارنى تەيىن قىلغانلىقىغا قارىماي دارۇل ھەرب ۋە دارۇل رىددە بولسا ، بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ماردىنىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياماندۇر. چۈنكى ئۇ يەردە ئىسلام ئەھكامى يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئەمەس . ئىلگىرىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىبنى تەيمىيەنىڭ پەتىۋاسىدىن چىقىرىلغان ئالاھىدىلىكلەرگە كۆرە ئۇ يەر دارۇل ھەربتۇر . ئەڭ توغرىسىنى الله تەئالا بىلىدۇ.

## دۆلەتلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈملەر

دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىقلار تەقەززا قىلغان شەرئى ھۆكۈملەر بىز بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنىڭ بىر خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئېرىشكەن پاكىتلاردىن ئىبارەت . بۇلاردىن ئەڭ مۇھىم ئىككىسى « ھىجرەت » ۋە « جىھاد » ھۆكۈملىرىدۇر. بۇ ھۆكۈملەردىن بەزىلىرىنى مۇنداق تەرتىپكە تىزالايمىز :

*بىرىنچىسى*

*ئىمكان تېپىلغاندا دارۇل كۇفرىدىن دارۇل ئىسلامغا ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى*

مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە ۋە بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش زېمىندا دارۇل ئىسلام مەۋجۇت بولمىسا ، ئىشەنچلىك بىرەر دۆلەتكە ھىجرەت قىلىنىدۇكى ئۇ يەر فىتنە ئاز بولغان دارۇل كۇفرىدۇر.

ھىجرەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى بەزى ھۆكۈملەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ يەنى :

ئا) دارۇل كۇفرىدىن ھىجرەت قىلىۋاتقان بىر ئايالنىڭ ، مەيلى ئىلگىرى كافىر بولۇپ مۇسۇلمان بولغان بولسۇن ، مەيى كافىرلارنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ ئۇلاردىن قۇتۇلغان بىر مۇسۇلمان بولسۇن ، سەپەر قىلىشى ئۈچۈن مەھرىمى بولۇشىنىڭ ۋاجىپلىقى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر مەھرەم تېپىشى قىيىن بولسا مەھرەمسىز ھالدا دارۇل كۇفرىدىن سەپەرگە چىقالايدۇ. چۈنكى كافىرلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالغاندىكى زەرەر مەھرەمسىز ھالدا سەپەرگە چىققاندىكى زەرەردىن چوڭدۇر. ئىككى زەرەردىن چوڭ بولغاننى قوغلاش ئۈچۈن كىچىككە چىدىلىدۇ. ( ئەل مۇغنى مەئاششەرھىل كەبىر ، 192/3 ۋە 527/10 ؛ فەتھۇلبارى ، 568/2 ۋە 76/4 )

ب) دارۇل ھەربتە ئىلگىرى كافىر بولۇپ كېيىن مۇسۇلمان بولغان ، ئەمما يولدىشى كافىر ھالەتتە قالغان مۇھاجىرە ئايالنىڭ ئىددىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈممۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە . بۇ ئەھۋالدىكى بىر ئايالنىڭ ئىددىتى ، بىر ھەيز مۇددىتىدۇر . بۇ مۇددەتتىن كېيىن بىر مۇسۇلمان بىلەن نىكاھلىنالايدۇ. بۇنىڭ

دەلىلى ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىستۇر: « بىر ئايال دارۇل ھەربتىن ھىجرەت قىلغىنىدا ھەيزدار بولۇپ پاكلانغانغا قەدەر ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپ قىلىنمايدۇ . پاكلانغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭغا نىكاھ ھالال بولىدۇ . نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن ئېرىمۇ ھىجرەت قىلغان بولغان ئېرىگە قايتۇرۇلىدۇ.» ( بۇخارى ) بۇ الله تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئۈچۈقلايدۇ :

« ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە مۇئمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۇئمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كافىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كافىرلارغا ھالال ئەمەس، كافىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كافىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كافىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كافىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇئمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، اللەنىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. الله ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» ( مۇمتەھىنە : 10 ؛ قاراڭ : ئىبنۇل قەييىم ، ئەھكامۇ ئەھلىز زىممە ، 39/1 ۋە 365 )

س) كافىرلارنىڭ قولىرىدىن مۇسۇلمان بولۇپ ھىجرەت قىلغانلار ھۆر بولىدۇ ۋە ھەرب ئەھلىنىڭ ماللىرىدىن يېنىغا ئېلىۋالغانلىرى ئۆزىنىڭ بولىدۇ. بۇ بىر يۇقىرىدا زىكىر قىلغان ئىبنى ئابباس ھەدىسىدە كېلىدۇ : « بىر قۇل ياكى جارىيە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلسا ، ئۇلار ھۆر سانىلىدۇ . مۇھاجىرلار ئۈچۈن كۈچكە ئىگە بولغان نەرسە ، ئۇلار ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگىدۇر.» بۇنىڭ مىسالى ، ھۇنەين ئۇرۇشىدىن كېيىن نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاسىرىگە ئالغان پەيتتە تائىف قەلئەسىدىن ئەبۇ بەكرە نەفى ئىبنۇل ھارىس ئىسىملىك ساھابىنىڭ قېچىشىدۇر . ئەبۇ بەكرە قەلئەدىن بىر چىغرىقنىڭ ( بەكرە ) ۋاستىسى بىلەن قاچقان ئىدى . بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بۇ ئىسىم بېرىلدى . ئۇنىڭ ھېكايىسى بۇخارىدە ، تائىف ئۇرۇشىنى بايان قىلغان بۆلۈمدە كېلىدۇ.

د) زۆرۈرىيەتنىڭ سىرتىدا بىر مۇسۇلماننىڭ دارۇل ھەربكە بېرىشى ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىنىڭ ھارام بولۇشىمۇ بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئارىسىدا بار . چۈنكى ئۇ يەردە تۇرىۋاتقان مۇسۇلمان بولغان كىشىگە ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ . بىر مۇسۇلمان ئۇ يەرگە پەقەت تىجارەت ۋە داۋالىنىشتەك زۆرۈرى ئىشلار ئۈچۈن بارالايدۇ . الله تەئالا كافىرلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ھەققىدە « الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى ؟» دېمەكتە .

كافىرلار ئارىسىدا ئولتۇراقلىشىش ، دىندا فىتنىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىندۇر. كۇفرى يۇرتىغا بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىنىڭ ئۇ يەردە قېلىشقا نىيەت قىلماسلىقى ۋە ئىمكان تاپقىنىدا ئۇ يەرنى تەرك قىلىشنى داۋاملىق نىيەت قىلىشى زۆرۈر . بۈگۈن زۆرۈرىيەت بولماي تۇرۇپ ، دۇنيا سەرمايىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ياۋروپا ، ئامرىكىدەك ئەسلى كۇفرى دۆلەتلەرگە بېرىش بالاسى كەڭرى تارقالغان . ئەرەب دۆلەتلىرى ياكى ئىسلام دۆلەتلىرى دەپ ئىسىم قويۇلغان رىددەت دۆلەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاش ، ئەسلى كۇفرى دۆلەتلەردە ياشاشتىن ياخشى . ئىككىلىسى داۋۇل كۇفرى بولغان بولسىمۇ يامانلىقنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن يەڭگىلدۇر.

مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە لائىق تۇزۇملەرنىڭ ئىش بېشىدا تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ؛ غەرب دۆلەتلىرىدە تەربىيە كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ مىزاجىنى ئالغان كىشىلەرنىڭ سىياسەت ، ئىقتىساد ، مائارىپ ۋە مېدىيا بىلەن ئالاقىدار مۇھىم ئورۇنلاردا ئولتۇرغانلىقىدۇر.

ئەسلى كۇفرى بولغان دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىقىغا كىرىش توغرىلىق مۇسۇلمانلاردىن مۇنداق بىر سوئال كەلدى : « مۇئەييەن شەرتلەر ئورۇندالغىنىدا ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ئولتۇراقلاشقان بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پۇقرالىق تەلەپ قىلىش ھەققى تۇغۇلىدۇ . ئەگەر بۇ كىشىگە ، مەزكۇر دۆلەت بىلەن دوست بولىدىغانلىقىغا ، قانۇنلىرىغا بېقىنىدىغانلىقىغا ، ئۇنى قوغدايدىغانلىقىغا ۋە زىيان سالمايدىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلمىغان مۇددەتچە پۇقرالىق بېرىلمىسە ئەھۋال قانداق بولىدۇ ؟ »

جاۋاب مۇنداق : بۇ رەۋىشتە قەسەم قىلىش ئاپئاشكارا كۇفرىدۇر . كىم يىرگەنمەستىن بۇنى ئېيتسا كافىر بولىدۇ . چۈنكى بۇ قەسەم ئارقىلىق ئۆزى خالاپ تۇرۇپ تاغۇتتىن ھۆكۈم ئېلىشقا باغلىق قالىدىغانلىقىغا دائىر ۋەدە بېرىلگەن بولىدۇ . بۇ يەردىكى تاغۇت بولسا ، كافىرلارنىڭ ھوقۇقىدۇر . بۇ ئەھۋال رىددەت دۆلەتلىرىدىكى كىشىگە مەجبۇرى ھالدا كۇفرى قانۇنلىرىنىڭ تەدبىق قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش ئەمەس . ئەمەلىيەتتە پۇقرالىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ كافىرلارنىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇرۇشلىرىدا ئۇلارغا قوشۇلۇش مەجبۇرىيىتى بار بولۇپ بۇمۇ كۇفرىغا چۈشۈرگۈچى بىر ئەمەلدىن ئىبارەت ؛ چۈنكى ئۇ تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتۇر . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« كافىرلار تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ...» ( نىسا : 76 )

سوئال سورىغان كىشى كېيىن مۇنداق دېدى : « بىر كىشى بۇ ھۆكۈمنى بىلگەن ھالەتتە ، ‹ مەن قەسەم بەرگەن جەريانىدا بەش مىنۇت كافىر بولۇپ كېيىن تۆۋبە قىلىمەن › دەيدىغان بولسا ،ئۇ چاغدا ئەھۋال قانداق بولىدۇ ؟ »

ئەگەر قەسەم ئەسناسىدا كافىر بولمەن دېسە ، قەسەم قىلمىغان بولسىمۇ ئۇ بۇ سۆزى بىلەن كۇفرىغا كىرىدۇ . چۈنكى ئالىملار كېيىنكى بىر ۋاقىت ئۈچۈن كۇفرىغا نىيەت قىلغان بىر كىشىنىڭ شۇ پەيتتىلا كۇفرىغا كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشمىغان .

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىشى ، تەۋبە قىلغانغا قەدەر ياشايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەلەيدۇ ؟ ئۆلىشى ياكى ئۇ پەيتتە ئەقلىنى يوقىتىپ تەۋبە قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىندۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى . الله مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر.» ( ئالئىمران : 54 )

« ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ يامان ئىش قىلغانلار اللهنىڭ ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقامدۇ؟» ( نەھل : 45 )

بۇ رەۋىشتە قەسەم قىلىشقا باغلىق بولغان بىر پۇقرالىق جائىز ئەمەس . شەيخ ھامەد بىن ئەتىق ئەننەجدى مۇنداق دەيدۇ : « ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىشى ۋە بېسىمى ئاستىدا بولماستىن باشلىقلىقى بولغان ھېرىسمەنلىك ، مالغا بولغان ھېرىسمەنلىك ياكى ۋەتەن ۋە ئائىلىگە بېرىلىش ياكى كېيىن مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان بىرەر ئىشتىن قورقۇش سەۋەبىدىن باتىنەن مۇخالىپەتچىلىك قىلىش بىلەن بىرلىكتە زاھىرەن ئۇلارغا ( يەنى كافىرلارغا ) راي بولۇش بىلەن كىشى مۇرتەد بولىدۇ . ئىچىدە بۇ ئەھۋالدىن سىقىلغان بولۇشى ئۇنىڭغا بىرەر مەنپەئەت بەرمەيدۇ . بۇ كىشى الله تەئالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن كىشىلەردۇر :

«بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە اللهنىڭ كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.» ( نەھل : 107 )

ئى) ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ، مۇباھ بولغان بىر سەۋەب بىلەن كافىرلارنىڭ دۆلىتىگە سەپەر قىلغان كىشىنىڭ ، ئۇ دۆلەتتە توي قىلىشىنى يامان كۆرگەن . ئەمما زىنا قىلىپ سېلىشتىن قورقسا ، مۇمكىن بولغان تەقدىردە مۇسۇلمان بىر ئايال بىلەن ، بولمىسا ئەھلى كىتاپتىن بىر ئايال بىلەن توي قىلىدۇ ۋە ھەر ئەھۋالدا پەرزەنتى بولۇپ كافىرلارنىڭ دىنى ئاساسىدا يېتىشىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش قورقۇنچىسى بارلىقى ئۈچۈن ، بالا بولۇشىنى توسۇيدۇ . ( قاراڭ : ئەلمۇغنى مەئاششەرھىل كەبىر ، 512/10 ؛ ئەسسىيەرۇل كەبىر ، 1838/5 ۋە ئەھكامۇ ئەھلىز زىممە ، 431/2)

سەلەپ ۋە فۇقۇھالار ھەزەر قىلدۇرغان ئىشقا يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقلارمۇ گۇۋاھلىق بېرىۋاتماقتا . كافىرلارنىڭ قانۇنلىرى ئاياللارغا ۋە بالىلارغا ، ئىسلامى يوسۇندا يېتىشىشنى چەكلەيدىغان بىر ئەركىنلىكنى بەرگەن. مۇسۇلمان بولغان جۆرە دۆلەتنى تەرك قىلماقچى بولغىنىدا ، ئايالغا پەرزەنتلىرىنى يېنىدا ئايرىپ قويۇش ھەققى بېرىلگەن .

ئامېرىكىدا خىرىستىيان بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن ، ئۈچ پەرزەنتى بولغان مۇسۇلمان بىر شەخسنىڭ ۋەقەسىنى بىلىمەن . بۇ شەخس ئۆلدى ۋە خىرىستىيان ئايالى پەرزەنتلىرىنى خىرىستىيانلاشتۇردى . بۇ كىشىنىڭ ئائىلىسى ئامېرىكىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بالىلارنى قۇتقۇزۇشقا قادىر بولالمىدى .

### ئىككىنچىسى

دۆلەتلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈملەردىن بەزىلىرى مۇنداق :

*ئا) كافىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى .*

بۇ « جىھادنىڭ تالەپ » ( ھۇجۇم جىھادى ) دىدۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئى مۇئمىنلەر ! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)...» ( تەۋبە : 123 )

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ : « مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى ئەڭ ئاز بولغاندا يىلدا بىر قېتىم كافىرلارنىڭ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشى كېرەك.» ( قاراڭ : ئەلمۇغنى مەئاششەرھىل كەبىر ، 367/10 ـ 368)

بۇ سان مۇنۇ ئايەتتىن چىقىۋاتماقتا :

« ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىفاقتىن قايتمايدۇ). ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ.» ( تەۋبە : 126 )

*ب) ئەھۋالى بىلىنمىگەن كىشىنىڭ ئەھۋالىنىڭ سۈرۈشتۈرۈلىشى مۇمكىن بولمىغاندا ، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىگە كۆرە ھۆكۈم قىلىش ( «ئىستىسهابۇد دار» ) بۇلارنىڭ ئارىسىدا بار .*

*س) گۇش سېتىۋالغاندا سۈرۈشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ، دارۇل كۇفرىدىكى باش تارتقۇچى مۇرتەدنىڭ ئىستىتابە قىلىنماستىن ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە يېنىدىكى مېلىنى ئېلىشنىڭ جائىز بولۇشىمۇ دارۇل كۇفرىغا ئائىت ھۆكۈملەردىندۇر .*

ھەنەفىلەر دۆلەتلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئاساسىدا كۆپلىگەن ھۆكۈملەرنى تۈرغۈزغان . ئەمما ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى بۇلارغا قوشۇلمىغان . ئۇ ھۆكۈملەردىن بەزىلىرى مۇنداق :

• دارۇل ھەربتە ھەربلەردىن، ئۇلارنىڭ رازىلىقى بولغان تەقدىردە ئۆسۈم ئېلىنىشىنىڭ مۇباھلىقى . ( قاراڭ : ئەسسىيەرۇل كەبىر ، 1486/4 ۋە ئاخىرى ) بۇنىڭغا تايىنىپ تۈرۈپ كۈنىمىزدىكى ئالىملاردىن بەزىلىرى بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ پۇلنى چەتئەل بانكىلىرىغا قويۇشىنىڭ ۋە ئۆسۈم ئېلىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىدەك ھۆكۈمنى چىقارغان. بۇ ئەۋزەل كۆرۈلمىگەن ھەتتا باتىل بىر قاراشتۇر . ( قاراڭ : ئەلمۇغنى مەئاش شەرھىل كەبىر ، 162/4 ـ 163 ؛ ئەننەۋەۋى ، مەجمۇ ، 391/9 ـ 392 ؛ ئەششافىي ئەلئۇم ، 357/7 ـ 358 ۋە ئەلبەھۇەتى ، كەششافۇل كىنا ، 271/3)

• دارۇل ھەربتە بىر مۇسۇلمان ھەد جازاسىنى تەقەززا قىلغان بىر ئىشنى قىلغىنىدا بۇ جازانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى . ( قاراڭ : ئەسسىيەرۇل كەبىر ، 1851/5) ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى بۇنىڭ ئەكسىنى ئېيتىشقان . ( قاراڭ : ئەلئۇم ، 356/7 ـ 359 )

• كافىر بىر ئايال مۇسۇلمان بولۇپ دارۇل ھەربتىن ھىجرەت قىلغىنىدا ، ئۇنىڭ بۇ ھىجرىتى ئارقىلىق دارۇل ھەربتە ئولتۇرۇۋاتقان ئېرىدىن ئايرىلغان سانىلىشى . ھالبۇكى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى بىر ھەيز مۇددىتى ئۆتكەندىن كېيىن ياكى ھامىلدار بولسا بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن كېيىن باشقىسى بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ ھالال بولىدىغانلىقىنى ، باشقىسى بىلەن نىكاھلىنىشتىن ئاۋۋال ئېرىمۇ مۇسۇلمان بولسا ۋە كەلسە ، ئاۋۋالقى نىكاھ بىلەن ئېرىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان . ( قاراڭ : ئىبنۇل قەييىم ، ئەھكامۇ ئەھلىز زىممە ، 363/1 ـ 364)

• دۆلەتلەرنىڭ ئايرىلىشى بىلەن مىراسنىڭ كېسىلىشى . مەسىلەن ، ئەھلى كىتاب بىر زىممى دارۇل ئىسلامدا ئۆلگىنىدە دارۇل ھەربتە ياشىغان يېقىنى ئۇنىڭغا ۋارىس بولالمايدۇ . كۆپچىلىك ئالىملار بولسا ۋارىس بولىدۇ دېگەن . ( ئىبنى قەييىم ، ئەھكامۇ ئەھلىز زىممە ، 444/2)

دۆلەتلەرنىڭ ھۆكمى مەسىلىسى ، كۈنىمىزدە شەرقشۇناسلاردىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر بولۇپ ئىجتىھاد قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغانلار تەرىپىدىن ئەڭ شىددەتلىك تۈردە بۇرمىلاشقا دۇچ كەلگەن تېمىلاردىن بىرى . بۇ كىشىلەر كۇفرى ھۆكۈملىرى ۋە بولۇپمۇ دۆلەتلەر ئارا ھوقۇق ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر كېلىشىمنامىسى دەپ ئاتالغان قانۇنلار بىلەن ئىسلام ھۆكۈملىرىنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقىدا ، جەمئىيەتلەر ئارا تىنچلىق ئورنىتىش ۋە ھۇجۇم ئۇرۇشنى چەكلەش چاقىرىقلىرىدا ئۇلار بىلەن ئوخشاش پوزىتسىيەگە ئىگە بولغان كىشىلەردۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجىزنىڭ ئاجىز پېتى ، كۈچلۈكنىڭ كۈچلۈك پېتى قېلىشى ئۈچۈن ئارىسىدا مۇسۇلمان خەلقلەرمۇ بار بولغان ئاجىز خەلقلەرنى ئالدىغان بىر ۋەھىمىدىن ئىبارەت . بۇلار ، كۇنلەرنىڭ بىرىدە مۇسۇلمانلار كافىرلار بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن تۇرغاندا ئۇلارنى خەلقئارا ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش بىلەن قارىلاپ ، خەلقئارالىق جازالارغا دۇچار قىلىش ئۈچۈندۇر .

كافىرلارنىڭ ، مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇش ۋە ئالداش ئۈچۈن قوللانغان مىتودلىرىدىن بىرى ، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى بولۇپمۇ جىھادقا ئالاقىدار بولغان ھۆكۈملەرنى بۇرمىلاشتىن ئىبارەت . دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن جىھاد ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت سەۋەبلىك بۇ تېمىنىڭ بۇرمىلاشتىن بولغان نىسىۋىسىنى يەتكۈچە ئالغانلىقىنى ئېيتالايمىز . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ (بۇنىڭ ۋابالى ئۇلارغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىش بىلەن ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ). (لېكىن) ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ.» ( ئالئىمران : 69 )

ئۇرۇقنى شەرقشۇناسلار سالغان ، ئىجتىھاد دەۋاسىدا بولغان بەزىلەرنىڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى ئۈستىگە ئالغان بۇ بۇرمىلاشلاردىن بىرى ئۇلارنىڭ ، دۇنيا دۆلەتلىرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈشنىڭ ھېچقانداق بىر تاياسچىسىنىڭ يوقلۇقى ، كافىرلارنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ پەقەت مۇسۇلمانلار بىلەن مەزكۇر دۆلەت ئارىسىدا فىئلى بىر ئۇرۇش بولغىنىدا ئاندىن دارۇل ھەرب دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ، بۇنداق بىر ئۇرۇش يوق بولۇپ تىنچلىق تارقالغان ۋەزىيەتتە دارۇل ھەربنىڭ بولمايدىغانلىقى ، كافىرلارنىڭ ئىشغال قىلىشىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىدە كۇفرى قانۇنلىرىنى يۈرگۈزۈشنى يولغا قويۇشىنىڭ ئۇ يەرنى دارۇل كۇفرى قىلمايدىغانلىقى ، مۇسۇلمانلار ئۇ يەردە دىنىنىڭ بەلگىلىرىنى ئاشكارا قويالىغان مۇددەتچە ئۇ يەرنىڭ دارۇل ئىسلام بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بۇلار داۋاملاشقان مۇددەتچە دارۇل ئىسلامدا جىھادنىڭ بولمايدىغانلىقى شەكلىدىكى گەپلىرىدۇر .

بۇنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇپ دىنىدىن قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلىشقان باشقا بارلىق بۇرمىلاشقا يۈزلەنگەن سۆزلەرنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى، ھىدايەتتىن نىسىۋىسى بولغانلار ئۈچۈن ئاپئاشكارا ئوتتۇردا .

دەۋىتىمىزنىڭ ئاخىرى : ھەمد ئالەملەرنىڭ رەببى اللهقا ئائىتتۇر .